# كىرىش

ئەفەس! قوشكېزەكلەر شەھىرى. ئارتەمىسكە، شۇنداقلا مەريەم ئانىغا ساھىبلىق قىلغان شەھەر. ئۆزلۈكنى ھەم روھنى پاناھىغا ئالغان، كىبىر بىلەن تەۋەززۇ، ئاسارەت بىلەن ھۆرلۈك بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس كىرىشىپ كەتكەن شەھەر. ئەفەس! قارىمۇ قارشىلىق بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئىنسان كەبى بىر شەھەر.

ئۆكتەبىرنىڭ بىر كەچلىكى، شۇ شەھەرنىڭ — ئەفەسنىڭ يېنىدىكى مەللەس دەرياسى بويىدا ئىككىيلەن ئولتۇراتتى. قۇياش قىزىللىقىقا پۈركەنگەن بۇلبۇل تېغىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتەي دەپ قالغان ئىدى. كۆكنىڭ تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر ئىككىيلەنگە كېلىۋاتقان يامغۇردىن خۇش بېشارەت بېرەتتى.

— ساينت جون خالايىققا مەريەم ئانا ھەققىدە سۆزلەيدۇ، — دېدى قىز، — زارلىغان، قاقشىغان، قارغىغان ئاۋازلارنى ھەقچان سىزمۇ ئاڭلىغانسىز؟ مىڭلاپ كىشى يېڭى دىنىنىڭ ئۆز ئىلاھەسىگە ئېتىقاد قىلىشتىن چەكلىنىشىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ؛ ئاياغلىرىنى يەرگە رىتىملىق ئۇرغىنىچە بىردەك "مەر-

يەم دېگىنىڭ كىم؟ بىز ئارتەمىسكە ئىبادەت قىلىمىز" دەپ سورەن سېلىشىدۇ.

— ئارتەمىس؟ — دەپ سورىدى ياش يىگىت، — ئىلاھە؟ رۇملۇقلار دەيدىغان دىئاننا شۇمۇ؟

— نېمە دەپ ئاتىلىشتىن قەتئىينەزەر، — دېدى قىز، — ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى يارىتىپ، كەينىدىن ئېتىقاد قىلغان بىر خىيالىلا، خالاس.

— ئۇ ھەقتە خېلى جىق بىر نەرسە بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۇنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلىمەن.

— ئۇنداقتا، ئاز - تولا سۆزلەپ بەرمەمسىز؟

— ئۇ ئۇزۇن ھېكايە.

— ئاڭلايمەن.

— تىڭشاڭ ئەمسە، — دېدى قىز، — ئارتەمىس، يەنى دىئاننا، مەرگەن ئىلاھەدۇر. ئۇنىڭ ئوقى تېز، ئەمما ھېچقانداق ئاغرىتماي شېرىن - تاتلىق جان ئالاركەن. ئۇ ئەرك روھىغا تولغان، ئەمما تۇتقۇنغا چۈشكەن، بېقىندى، ئەمما يەنە شۇنچە مەغرۇر ئىكەن. سانجىقتىن تولغانغان ئانا — لېتو بىر تۈپ زەيتۇن دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە ئۇنى... — قىز بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر تىندى ۋە داۋاملاشتۇردى، — ۋە قوشكېزىكىنى تۇغقان ئىكەن ...



# بىرىنچى بۆلۈم

Kayıp Gül

# 1

ئىككىسى بىر...

پەقەت بىر. ھەئە، دۇرۇس. بوتۇلكا پەقەت بىرلا.

ياق، توغرا ئەمەس. كۆزۈمگە ئىككى بوتۇلكا كۆرۈنىدىغۇ.

ياق، كۆزۈم تورلىشىۋاتسا كېرەك، بوتۇلكا بەلكى پەقەت بىردۇ.

كۆزۈم تورلاشقۇدەك كەيپ بولغىنىم يوققۇ. بوتۇلكا ھەقىقەتەن ئىككى بولسا كېرەك.

خوپ، ئىككىمۇ دەيلى، ئەمما نېمىشقا ئىككى؟ زادى نېمىشقا؟

ئاھ خۇدا، ئوپئوخشاش كۆرۈنۈۋاتىدىغۇ. چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى، رەڭگى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش، ھەتتا ئىشلەنگەن ۋاقتىمۇ بىر! توغرا، ئۇلار... ئۇلار قوشماق بوتۇلكا!...

ئەمما قانداقسىگە؟ بىر بوتۇلكا قانداق قىلىپ بىردىنلا ئىككى بولۇپ قالىدۇ؟ زادى قانداقسىگە؟ ھەم نېمىشقا؟

مەنتىقىسىزلىكقۇ بۇ...

سان فرانسىسكونىڭ دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ۋە گۈزەل ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە بىر ئايدىن بېرى ھەر كېچىسى بۇ ھالەت داۋام قىلماقتا ئىدى. بۈگۈنمۇ ھەم. ئازادە مېھمانخانىنىڭ ئەڭ تار بۇلۇڭىدىكى قارا دىۋاننىڭ ئىچىنى بوتۇلكا بىلەن لىق تولدۇرۇۋەتكەن دىئاننا ھاياتىنىڭ قانداقىسىگە بىردىن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭقىرىشقا كۈچەيتتى.

بۈگۈنمۇ، باشقا كېچىلەردىكىگە ئوخشاشلا، كۆندۈزدىكى تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسى ئىچىدىن تۈيدۈرماي تېشىپ چىققان ۋە مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتا ئۇنىڭ يەلكىسىگە تاشلانغان ئىدى. بەدىنى ھەر ئاخشامقىدەك ئۈيۈشقان، قارامتۇل چېچى ھەر كېچىدىكىدەك چۇۋۇلغان، زەڭگەر كۆزلىرىگە ھەر تۈندىكىدەك قان تولغان. قىزارغان كۆزلەر شىرەنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى بوتۇلكا بىلەن تام مەشنىڭ ئۈستىدىكى ئانىسىنىڭ سۈرىتى ئارىسىدا ئەلەڭگىيتتى.

باشقا كېچىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، بۈگۈن ئۇ ئىككى پارچە خەتنى كۆزدىن يوق قىلىش ئۈچۈن تام مەشكە ئوت يېقىلغان ئىدى. ماينىڭ بۇ ئىللىق كېچىسى، دىئاننانىڭ يۈزىدە ئويناپ تۇرغان ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەن ئىدى.

دىئاننا ئاخىرقى يۇتۇم شارابنى ئىچتى ـ دە، قەدەھنى يەرگە ئاتتى. ئىككىنچى بوتۇلكىغا قولىنى ئۇزاتقۇچە، كۆزىنى ھېلىلا قۇرۇقدىۋەتكەن يەنە بىر قۇرۇق بوتۇلكىغا ئاغدۇردى.

ــ بىلەمسەن؟ ــ دېدى ئۇ بوتۇلكىغا، ــ سەنمۇ ماڭا

ئوخشايسەن. ئىچىڭ قۇپقۇرۇقۇ، ئۇيالماستىن يەنە تىك تۇرد-
سەن، ـــ ئۇ مەسخىرىلىك جىلمايدى، ـــ شۇنداققۇ، ئىلاھەغۇ
بىز! ھەرگىز يىقىلمايمىز...

ئۇ ئەمدى يەنە بىر بوتۇلكىغا قارىدى.

ـــ سەن ئانا ئوغرىسى... ئانامنىڭ دېيىشىچە، سەن بىلەن
ئىككىمىز قوشكېزەكمىشمىز! لېكىن سەن مەن ئۇچۇن ئۆت-
كۈنچى بىر سايىلا خالاس.

دىئاننا دىۋاندىن تۇرۇپ شىرەگە ئېگىلدى، ئەمما بوتۇل-
كىغا ئەمەس، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئانىسىنىڭ خېتىگە قول
ئۇزاتتى. دەقىقە ئىچىدىلا بىر بوتۇلكىنى ئىككى قىلىپ قويې-
غان خەت مانا مۇشۇ ئىدى.

ئانىسى بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بىر ئاي ئاۋۋال، يەنى ۋاپاتىنىڭ
ئالدىنقى كۈنى بەرگەن ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوقۇشنى تاپىد-
لىغان ئىدى. "بۇنىڭغا ۋەسىيىتىم پۈتۈلگەن، دىئاننا، ـــ دې-
گەن ئىدى ئانىسى تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، ـــ ئۇنى بېجىرىشكە
ۋەدە بەر."

دىئاننا ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورد-
غان ئىدى، ئەمما ئانىسى بۇ سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ،
قىزىنىڭ كۆزلىرىگە ۋەدە تەلەپ قىلىپ قەتئىيلىك بىلەن
تىكىلدى. دىئاننا ئانىسىنىڭ تىكىلىپ تۇرۇۋېرىشىگە بەرداش-
لىق بېرەلمەي:

ـــ خوپ ئانا، ـــ دېدى، ـــ قىلىمەن، نېمىنى ئىس-
تىسەڭ.

بۇنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن نۇرلاندى،
سولغۇن يۈزىگە بىر دەملىك بولسىمۇ قان يۈگۈردى، قولىنى

كۈچىنىپ قىزنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئۇنىڭغا شىۋىرلىدى:
— ئىشەنچىمنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، جان قىزىم. ئۇنىڭغا ۋە ئۆزۈڭگە ياخشى قارا. ئۇ يىگانىدۇر.
دىئاننا ئانىسىغا ئېگىلىپ سورىدى:
— ئۇنىڭغا؟ ئۇ... ئۇ دېگىنىڭ كىم ئانا؟
ئەمما تا ئانىسى ۋاپات بولۇپ ئەتىسىگىچە بۇنىڭغا جاۋاب ئالالمىدى. خەتنى ئېچىپ ئوقۇغاندىن كېيىن پۈتلىرى تىترەپ ئىزىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى، ئوقۇغانسېرى بەدىنىدىن پۈتۈن كۈچ ـ مادارى چىقىپ كې-تىۋاتقاندەك بوشىشىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ دىئاننا ئۇ-چۇن ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى.
ئانىسىنىڭ خېتىنى ئوتقا تاشلاشتىن ئاۋۋال ئۇ خەتكە ئاخىرقى رەت كۆز يۈگۈرتتى:

*دىئاننا، جان قىزىم. ئامان بول! مەندىن ئايرىل-مايدىغىنىڭغا ئىشەن. بىلىمەن، بۇ ئاسان ئەمەس، ئەمما سەندىن يەنە ئۆتۈنىمەن.*
*مېنى ھەركۈنلۈك ئىشلىرىڭدىن خەۋەردار قى-لىشنى ئۇنتۇما، بولامدۇ؟ قانداق دەمسەن؟ مەن ئۇچۇن ھەر كۈنۈڭگە بىر ئىش پىلانلا، سۈرىتىم بىلەن مۇڭداش، ماڭا ئاتاپ ھېكايە ياز...*
*ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىنىڭ ۋاقتى بېكى-تىلگەن ھامان ماڭا ئۇقتۇر. ئاخشاملىرى ئايلىنى-شىڭنى توختاتما. دەرسلىرىڭنى داۋام قىل. ئىش تې-*

پىشانىڭ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ مۇھىمى، يەنە گۈزەل ھېكايە يېزىشقا تۇتۇنغىنىڭدا بۇرۇنقىدەكلا تۇنجى بو-لۇپ مېنى خەۋەردار قىلىشنى ئۇنتۇما.

كىم بىلىدۇ، پات يېقىندا ماڭا يازغۇچى بولۇش نې-يىتىگە كەلگىنىڭدىن خۇش خەۋەر بېرەرسەن بەلكىم. شۇ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيۇڭ ئۇچۇن تىرىشىشىڭغا توسقۇن بولغىنى زادى نېمىكىن، بالام. ئەمما، ئېسىڭدە تۇتقىن-كى، كەلگۈسى ھامان سېنىڭ قولۇڭدا. ھاياتىمنىڭ ئا-خىرقى دەملىرىدە بىر دىنبىر تىلەيدىغىنىم — سېنىڭ بەختىڭ ئەزىزىم.

"بەختىڭ" دېدىم قىزىم، ئەمما بۇ خەتتە دېمەكچى بولغانلىرىم بەلكىم كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلار. ئىشەن، بۇنى مەنمۇ خالىمايتتىم، ئەمما مەندە باشقا چارە بولسا ـ ھە! مېنى كەچۈر.

ئەسلىدە بۇلارنى ساڭا دەرقەمدە ئولتۇرۇپ دېگۈم بار ئىدى. لېكىن قىڭغىر-قىيسىق خەتلىرىمدىن، ھە دېسە مايماق ـ سايماق كېتىۋاتقان ھەرپلەردىن بايقى-يالايسەنكى، بۇلارنى ساڭا يۈز تۇرانە دېگۈدەك، ھەتتا بۇ خەتنىمۇ تەپسىلىي يازغۇدەك مەندە ماغدۇر قالمى-دى. شۇ تاپتا، ئاللاھتىن مۇشۇ خەتنى تاماملىغۇدەك كۈچ ۋە جاسارەت بېرىشىنىلا تىلەپ تۇرۇپتىمەن، قىزىم.

نەدىن باشلىشىمنى بىلمەيمەن، بىلسەممۇ ئېغىز ئاچالمايۋاتىمەن... باشلىدىممۇ، سېنى يىگىرمە تۆت يىل بۇرۇنغا، سەن بىر ياشقا تولغان كۈنلەرگە،

داداڭدىن ئايرىلغان كۈنلىرىمىزگە، ياق توغرىسى، داداڭدىن ئايرىلدۇق دەپ بىلگەن كۈنلىرىمىزگە قاي-تىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ...

دىئاننا، سۆيۈملۈك قىزىم، ساڭا دەيدىغىنىم مانا شۇ، ئەمەلىيەتتە داداڭ ئۆلمىگەن، قېرىندىشىڭ مارىي-نى ئالغىنىچە بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئىدى...

شۇنچە يىللاردىن بېرى، سېنى دادىسى تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلگەن، دەيدىغان تۇيغۇدا بولۇپ قالماي چوڭ بولسۇن، مەن تارتقان ئازابلارنى قىزىم بولسىمۇ تارت-مىسۇن، دەپ سېنى داداڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئى-شەندۇرۇپ ياشاپ كەلدىم. نيۇ يوركتا سەن ھەر ئايدا زىيارەت قىلىپ تۇرغان قەبرە، قەبرە تېشىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياساتتىم. نېمىلا بولسۇن، ئۇ ئىككىمىز ئۇ-چۇن ئۆلگەنغۇ بەرىبىر. كېيىن سان فرانسىسكوغا كۆچۈپ كەلدۇق ـ تە، ئۆتمۈشنىڭ تامامى ئىزلىرىنى ئارقىمىزغا تاشلىۋەتتۇق. بۇ يەردە ھېچكىمگە داداڭنىڭ ئۆلۈمى ياكى مارىي ھەققىدە تىنمىدىم.

مارىينى بىزدىن ئايرىۋەتكەن داداڭنىڭ ئۇنى بىز بىلەن كۆرۈشتۈرمەيۋاتقىنىنى بىلەتتىم. داداڭ ئۇ-نىڭغىمۇ مەن ساڭا توقۇغاندەك ئوخشاش ھېكايىدىن بىرنى توقۇپ بەرگەن ئىدى.

بەلكىم، بۇ ئىشلارنى ئەمدى بۇ دەمگە كەلگەندە دېيىشىمدىن ئەجەبلىنەرسەن، قىزىم. ئاڭلا...

بۇندىن بىر يېرىم ئاي بۇرۇن، ئېغىر كېسەلدە ياتقىنىمنى بىر دوستىمىزدىن ئاڭلىغان داداڭ ۋىجدان

ئازابىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇشنى ئويلىدىمۇ ـ قانداق، ئادرېسىمنى مارىيغا بېرىپتۇ، ئەمما پەمىمچە مېنىڭ ئېغىر كېسەللىكىم ۋە سەن توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەن ئوخشايدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مارىيدىن ھەپتىدە بىردىن، جەمئىي تۆت پارچە خەت كەلدى. خەتكە ھېچقانداق ئادرېسىنى يازماپتۇ، پەقەت پات ئارىدا قېشىمغا كېلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ كاتتا بەخت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئەمما بىر ھەپتە بۇرۇن ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر خەت كەلدى:

"سەنسىز ياشاشقا چىدىيالمىدىم، ئانا. سەن بىلەن دىدارلىشالمىسام، ھاياتىمدا نە مەنە. ئۆزۈمنى شۇ ھامان ئۆلتۈرىمەن... مارىي"

ئۇنىڭ خەتلىرىدىن ھېس قىلىشىمچە، مارىي ناھايىتى تۈرگۈن قىز ئىدى، بۇنداق ئەخمىقانە ئىش قىلىشى زادى ئەقلىمگە سىغمايدۇ. ئادرېسىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇدۇللا قېشىمغا كېلىۋەرسە بولاتتىغۇ...

مارىينىڭ خېتى يەتمىگەندەك تۇنۇگۈن كېچە داداڭ تېلېفون قىلدى. بۇ ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت يىلدىن بېرىقى تۇنجى تېلېفونى ئىدى. ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ مارىينى ئىزدەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

— مارىيدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپلا گەپ باشلىدى ئۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مارىي ئىككى ھەپتە ئاۋۋال بىر پارچە خوشلىشىش خېتى (ئاستىدىكى خەت

شۇ) قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ھەممە يەردىن ئىزدەپتۇ، دوستلىرىدىن سورۇشتۇرۇپ-تۇ، ئەمما ھېچقانداق ئىز - دېرىكى بولماپتۇ...

دىئاننا، ئەزىزىم... شۇ تاپتا قورقۇش ۋە ئەندى-شىدىن باشقا مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم: ئۇنى تاپ ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال.

ساڭا بۇنداق زور مەسئۇلىيەتنى ئارتىش، سېنى ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇرۇش، دەردىڭگە دەرد قوشۇش يۈرىكىمنى ئېزىدۇ. لېكىن مەن بىلەن دىدارلىشىش ئىستىكىدە يۈچىلىنىپ ياشاۋاتقان، ئۆلۈۋېلىشقا لەۋز قىلىپ يۈرگەن يەنە بىر قىزىمنىڭ بارلىقىنى ئويى-لىسام يۈرىكىم تېخىمۇ قانغا تولىدۇ، جان قىزىم.

ماڭا قانچىلىك ئامراقلىقىڭنى بىلىمەن، ھەم بۇ ئاخىرقى ئارزۇيۇمنى ئامال قىلىپ يەردە قويمايدىغاز-لىقىڭغا ئىشىنىمەن، دىئاننا. لېكىن مارىينى تېپىش ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس. مارىينىڭ نەدىلىكى ھەق-قىدە قولىمىزدا ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بىردىنبىر ئۈمىدىمىز مارىي يازغان خەتلەردە. ئۇ خېتىدە ئۆزى ئۇچۇن قورغان ئۆزگىچە بىر دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ماڭا قىيا ئاچقان ئىدى. مېنىڭچە ئۇ تولىمۇ مەخ-پىي، ئەپسانىدەك سىرلىق، ئەمما شۇ قەدەر رېئال بۇ دۇنيانى ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىرگە ياشاش ئۇچۇن ھازىرلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى باشقىلارغا قا-رىغاندا بىز ئاسان تاپالايمىزمىكىن دەيمەن.

سىنى مارىيىنىڭ دۇنياسىغا قەدەم قويۇپ، ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى ئىزلاپ باقسىكەن دەيمەن، قىد-نىرىم. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قوشكىزەك سىڭلىسىدىن باشقا يەنە كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن؟

قولىمىزدا بار ـ يوقى بىر سارايىنىڭ ئىسمى ۋە "زەينەپ"، "سوقرات" دېگەن ئىسىملاردۇر. بۇ ئۇچۇر ئۇنى ئىزدەشكە بەكلا ئازلىق قىلىدۇ، ئەمما ھازىر مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ئۇرۇنۇپ كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق.

مارىيىنىڭ خەتلىرى قەدىمى ساندۇقنىڭ ئىچىدە، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى ياقۇت قۇتىدا.

دىئاننا، مارىي بىلەن ئىككىڭلارنىڭ پاتراق بىر يەرگە جەم بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن. خۇددى قورسى-قىمدا بىرگە ياتقاندەك.

بۇنى ئىشقا ئاشۇرغىنىڭدا ماڭا خەت ياز، ئەزد-نىرىم.

دىئاننا، جان باغرىم، بۇ ھەرگىز ۋىدالىشىش، خوشلىشىش ئەمەس. ئۇنتۇمىغىنكى، مەن ھەر قاچان سەن بىلەن بىرگىمەن ۋە سىنى يۈرىكىمدىن سۆ-يىمەن.

ئاناڭدىن

1-ئاپرىل

## 2

دىئاننا دەم ئۆتسىلا كۈلگە ئايلانغۇسى خەتنى — مارىينىڭ دادىسىغا يازغان خوشلىشىش خېتىنى ئاچتى:

*دادا، بۈگۈن ئۆيدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرمەن. سەۋەبىدىن تەئەججۈپكە چۈشەرسەن بەلكىم.*

*ساينت ئېكسۇپېرىينىڭ «كىچىك شاھزادە»سىنى ئۆزۈن يىللاردىن كېيىن، تۈنۈگۈن قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. كىتاب پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ! بىر - دىنبىر ئۆزگەرمىگىنى مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان گۈل ئىدى. ھە راست، كىچىك شاھزادىگە گۈلگە مەسئۇل بولۇشنى ئۆگەتكەن تۈلكىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ.*

*مەن ئاخىرى گۈلگە مەسئۇل بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم، ھەم شۇ سەۋەبتىن كېتىش قارارىغا كەلدىم.*

*ئېكسۇپېرىي كىتابىنىڭ ئاخىرىسىدا "قوينىڭ گۈلنى يېدىمۇ، يېمىدىمۇ؟" دەپ سورىغان ۋە بۇنىڭ*

*جاۋابىنىڭ ھەممىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مەنمۇ ئۆزۈمدىن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سوئالنى سوراۋاتىمەن:*

*— باشقىلار گۈلۈڭنى ئوغرىلاپ كەتتىمۇ - يوق؟*

*ئېكسۇپېرى توغرا دەپتىكەن. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھەقىقەتەنمۇ ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، بۈيۈكلەرمۇ بۇنى چۈشەنمەس.*

*كېتىمەن، چۈنكى مېنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم شەك- شۈبھىسىزكى "ھەئە، گۈلۈم ئوغرىلاندى."*

*مەن گۈلۈمنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كېتىمەن.*

*مارىي*

*17- مارت*

دىئاننا بوتۇلكىلارغا قايتىدىن كۆز تىكتى. "قېنى ئېيتىڭلار، بوتۇلكىلار، بۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى بايان قىلىڭلار، سىلەرچە بۇ قالايمىقان جۆيلۈش ئەمەسمۇ؟ بىر كىتاب ئوقۇسۇنۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتسۇن... بىر گۈلنىڭ ئوغرىلانغىنىنى دەپلا غايىب بولسۇن... نېمە گەپ زادى بۇ؟ گۈلنى قايتۇرۇپ كەلمەك، گۈلگە مەسئۇل بولماق دېگىنىچۇ ئەمدى؟...

ياق، ياق، «كىچىك شاھزادە»دىكى گۈلنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقى ياكى ئۇنىڭ بۇ قىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بىلەن مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، مەن ئۇلارغا قىزىقمايمەن. مەن ھېچ تونۇمايدىغان بىر قىز ئۆيىنى تەرك ئېتىپ

چىقىپ كەتسۇن ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنسۇنۇ، بۇنىڭ دەردىنى مەن تارتاي. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم، ئايدىڭلاش-تۇرىدىغىنىم پەقەت مانا شۇ..."

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بىردىن توختىدى. تېخى بايىلا چېقىپ پارە ـ پارە قىلغان بوتۇلكىغا ئەمدى ئىلتىجا قىلىۋاتقىنىغا ئۆزىگە كايىدى. ئەمما بۇ سوئاللارنى باشقا كىمدىن سورىسۇن؟ ئۇنىڭ قايناشلىرىغا قۇلاق سالار يەنە كىم بولسۇن؟

— ئانامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن. ئۇ يېگانىدۇر، دېگەن ئىدى ئانام. دەرھەقىقەت! مارىي يېگانە ئىكەن، ئانامنى مەندىن بۇلاپ كېتىشتە يېگانىلىقىنى قىلدى.

ئۇ كىچىككىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن خەتنى پۇرلىگىنىچە ئوتقا ئاتتى.

— مېنى كەچۈر، ئانا، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ كۆيۈپ كۇل بولۇۋاتقان قەغەزگە ئىپادىسىز قارىغىنىچە.

# 3

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشى دىئاننانى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. قوڭغۇراق يېقىملىق جىرىڭلىسىمۇ، لېكىن بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقاچقىمۇ، ھەربىر جىرىڭلاش دىئاننانىڭ مېڭىسىگە پىچاقتەك سانجىلاتتى.

— لوپېز خانىم!... لوپېز خانىم، ئىشىكنى ئېچىڭ!...

لوپېز خانىمدىن سادا كەلمىدى، دىئاننا شۇندىلا بۈگۈن ئۇنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، دىۋاندىن ماڭ تەسلىكتە قوپتى ـ دە، ئەلەڭ ـ سەلەڭ دەسسەپ ئىشىككە ئۇلاشتى. مۇشۇككۆزدە گابرىل — بۈگۈنگىچە ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن سان ـ ساناقسىز سوۋغات ۋە گۈللەرنى يەتكۈزۈپ كەلگەن پوچتىكەش كۆرۈندى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

گابرىل ئېڭىكىگە تاقاشقۇدەك ئېگىز، سېرىق يىپەك لېنتىدا ئوراپ بېزەلگەن بىر پوسۇلكىنى تۇتۇپ تۇراتتى. قوڭۇر رەڭ كىيىم ۋە شەپكە كىيىۋالغان گابرىلنىڭ قوڭۇر رەڭ چىرايى، قوڭۇر رەڭ پوسۇلكا بىلەن قوشۇلۇپ سوۋارى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— مەرھابا خېنىم، — دېدى گابرىل، — سان فرانسىس-كونىڭ ئەڭ گۈزەل قىزىغا مەنسۇپ بىر پوسۇلكا بار. ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرىدىغان - تۇرمايدىغانلىقىنى بىلەرسىزمىكىن تاڭ؟

— پوسۇلكا ئەكېلىشكە بالدۇر ئەمەسمۇ، گابرىل؟

— ئۇھ، توغرا كەپتىمەن، — دېدى گابرىل كۈلگىنىچە.

— سائەت نەچچە بولدى؟

— ئون ئىككى.

— ھەا؟ ئون ئىككى بولدىمۇ بىر دەمدە؟...

دىئاننا پوسۇلكىنى ئالدى ۋە ئىمزا دەپتىرىگە باشقىلار-نىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بىر ئىمزانى قوندۇردى. ئارقىدىن گابرىلنىڭ ھەرقاچانقىدەك "ھەيرانلىقلار بىزنى قاي-تىدىن ئۇچراشتۇرغۇچە ئامان بولۇڭ" دەپ خوشلىشىشىغا ئىمكانمۇ قالدۇرماستىن ئىشىكنى ياپتى.

سوۋغات قوبۇل قىلىش دىئاناننى ھەرقاچان ھاياجانغا سالاتتى، ئەمما بۇ قېتىم ئوخشىمىدى. ئۇنىڭ پوسۇلكىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىغا ياكى ئۇنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە كۆڭۈلشىگۈدەك ھەپسىلىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ پوسۇلكىنى ئۇ-دۇل كەلگەن بىر يەرگە تاشلىدى.

زالنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن كۆك كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىدىكى ھاراق داغلى-رىغا چۈشۈپ قالدى ۋە شۇ ھامان يادىغا ئانىسى كەلدى. بۇ كۈنلەردە، ئانىسى ھەدېسىلا خىيالىغا كىرىۋالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. نېمىشقىكىن ئەڭ ئۇششاق - چۈششەك، مۇنا-سىۋەتسىز ئىشلارمۇ ئۇنىڭغا ئانىسى بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتەتتى. بىر رەڭ، بىر پۇراق، بىر كەلىمە

سۆز، مانا ئەمدى بولغانغان كۆڭلەكمۇ شۇ... بۇ كۆڭلەكنى سېتىۋالغان كۈن ۋە كېيىن ئانىسى بىلەن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاراڭلار ئۇنىڭ خىيالىدا تونۇگۇنكىدەكلا جانلاندى.

ئۇ كۈنى، دىئانىنا ئۇچۇن ئادەتتىكىدەكلا بىر سودىلىق كۈنى ئىدى. ئۇ دەسلەپتە زادى كۆڭلەك ئېلىش ـ ئالماسلىق ھەققىدە بىر ھازا تېڭىرقاپ ئايلىنىپ يۈردى، كېيىن ئۆزىنى يەتكۈچە سودىلىق قىلىشقا كۆندۈردىيۇ، ئاران بىر كۆك كۆڭلەك ئالالىدى.

كۆڭلەكنى ئانىسىغا ئۇستىدىكى 1100 دوللارلىق باھاسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ كۆرسەتكەن ئىدى، ئەمما ئانىسى كۆڭلەكنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ قالغان، باھاسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قىزىدىن سورىغان ئىدى:

ــ تونۇگۇنكى گېزىتتىكى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن كىم ئاشتى قىلىپ سېتىش خەۋىرىنى كۆردۈڭمۇ، دىئانىنا؟

ــ ياق، ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭيا، ئانا؟

ــ دىكارتىنىڭ جىلىتكىسى 125 مىڭ دوللارغا سېتىلىپتۇ.

ــ ھە... ھەرنېمە بولسا بىز بارماپتۇق، سەنغۇ ئالمايتتىڭ، ئەمما مېنىڭ ئىچىمدە قالاتتى ـ دە. قارا، مېنىڭ كۆڭلىكىم ئۇنىڭ جىلىتكىسىدىن كۆپ ئېسىلغۇ مانا.

ــ توپتوغرا 125 مىڭ دوللار، دىئانىنا.

ــ ۋاي خۇدايىم، ئەمدى چۈشەندىم. سەن ماڭا بۇنداق ئېسىل كۆڭلەك ئۇچۇن 1100 دوللار ئەرزىيدۇ دېمەكچىغۇ، ئانا؟

ئۇ ئانىسىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئەمما گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، يېڭى كۆڭلىكىنى باشقا كى-

يىملىرىنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويۇشنى ئويلايتتى.
— توغرا دەيسەن، قىزىم، كۆڭلىكىڭ دىكارتنىڭ جىلىتـ- كىسىدىن كۆپ ئېسىل. دىكارتنىڭ جىلىتكىسى يىپەك ئە- مەس، يۇڭدىن توقۇلغانمۇ ئەمەس... يا «دوننا كاران» ماركىلىق ياكى «پرادا» ماركىلىقمۇ ئەمەس. ھەتتا ماگزىنغا ئاپارساڭ، خەق بەش دوللارمۇ قىلمايدۇ ھەقچان...
— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، باھا يەنىلا لىللا، ئانا. ئۇ جىلىتكىنى دىكارت كىيگەن ـ دە.
— توغرا، دىكارتتەك ئۇلۇغ ئادەملەر كىيگەن رەخت پار- چىسىنىڭمۇ قىممىتى ئۆرلەيدۇ. ئەمدى ئۇنى ئەكسىچە ئويلاپ باققىنە.
— يەنى؟
— رەخت پارچىلىرىمۇ ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئاشۇ- رىدۇ.
دىئاننا بىر پەس بېشىنى ئېگىپ ئويلاندى ۋە ئاخىرى ئا- نىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى: ”ئۆزۈڭنى ئۆزگىچە تۇيماق ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى پەقەت ئۆزۈڭسەن.“
— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم، ئانا، ئەمما ھەممە ئادەم ئېسىل ياسىنىشىمنى كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. قىزلار ئۇچرىشا ـ ئۇچراشماي ئەڭ ئاۋۋال تاپىنىمدىن چو- قامغىچە نەزەر سېلىشىدۇ، ئاندىن ئېغىزىنى ”سالام“غا ئۆمەل- لەيدۇ. ئوخشاش بىر كىيىمنى ئۇدا ئىككى كۈن كىيەيچۇ، يۇ- زۇمگە سۆرۈن بېقىشىدۇ. مېنى شەكىل ـ قىياپەتنى بىلەن ئابرۇي ـ ئېتىبار قازىنىشقا، ياكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدى- كى سۈنئىي ھۆرمەت، ياسىنىشىم، كىيىنىشىم، تۇرق ـ قى-

ياپىتىم ۋە ئۆيەر-بۆيەرلىرىم ھەقىقەتەنمۇ كۆسۈلداشلىرىغا خۇشتاركەن دەپ ئويلاپ قالما، ئانا. ئىشەنگىنكى، بۇلار ماڭا خۇشلۇق بېرەلمەس. ئەمما ساڭىمۇ ئايان، كۆپچىلىك ھەرقاچان مەندىن ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى كۈتىدۇ.

— سەنمۇ ھەم بۇ تىلەكلەرگە ئۇسسۇل ئوينايسەن، شۇنداقمۇ؟

— قانداق قىلىمەن، ئانا، يا ئادەمسىز چۆل-جەزىرىدە يا-شاپ قالماپتۇق، — دېگىنىچە ئانىسىغا شوخلۇق قىلىپ سۆركەلگەن ئىدى ئۇ، — تەن ئال، دېئاننا، ستۇئارت ئائىلىسىگە چان بىر ماركىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ماركىنىڭ تىكلىنىشىگە كۈچ چىقارغان، كېچە - كۈندۈز دېمەستىن ماڭا مەدەت بەرگەن، ماڭا مەدھىيە - ئالقىش ياغدۇرغان زوقمەنلىرىمنى قانداقسىگە ئۇمىدسىز قالدۇراي؟

ئەمما بەش ئاي ئاۋۋال دوختۇرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىككى ئېغىز گەپ دېئاننانىڭ ھاياتىدىكى جىمى نەرسىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ تاشلىدى.

— ئانىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىسىز، — دېگەن ئىدى دوختۇر ئۇنىڭغا.

# 4

دىئانناغا دورا ساندۇقى قويۇلغان ئاشخانا ناھايىتى يىراق-تىدەك بىلىندى. ئۇنىڭغا ئۆي بارغانسېرى چوڭىيىپ كې-تىۋاتقاندەك، مېھمانخانىدىن ئاشخانىغا، ئاشخانىدىن ھۇجرىغا، ھۇجرىدىن مۇنچىغا بارىدىغان يول ئۇزاقلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. بىر ئايىنىڭ ياقى ئۇ يەر ئاستى قەۋەتتىكى چىنى-قىش زالى، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگىمۇ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى رەسىم سىزىش ئۆيىگىمۇ قەدەم بېسىپ باقماپتۇ، ئۇلار قان-چىلىك يىراقلاپ كەتكەندۇ؟ ئۇ بۇنى بىلىشنىمۇ خالىمايتتى.

ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ، بىر ئىستاكان سۇ ئالدى-دە، بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە بىرنى... ئۇچىنچى ئىس-تاكان سۇغا ئىككى تال ئاسپىرىننى تاشلاپ ئېرىتىپ ئىچتى، ئاندىن مېھمانخانىغا كىردى. دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاي دەپ تۇ-رۇشىغا، تېلېفون جىرىڭلاشقا باشلىدى... بىر قېتىم، ئىككى، ئۈچ... يەتتىنچى قېتىمغا كەلگەندە ئاندىن يەنىلا ئېلىش نى-يىتىگە كەلدى.

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە خۇش مۇبارەك، دىئاننا! — تې-

لىپفوندىن ياش بىر ئەرنىڭ ئاۋازى كەلدى، — بەخت-ئامەت...
دىئاننا تېلېفوننى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئاتتى.
راستمۇ؟ بۈگۈن مېنىڭ توغۇلغان كۈنۈممۇ؟ شۇنداق بول-سۇنۇ، بۇنى باشقا بىرىدىن ئۇقسۇن...
بۈرۈن تۇغۇلغان كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، ھەپتە قالغاندىن باشلاپ تەييارلىققا چۈشەتتى، تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىغانلارنىڭ ئىسمىنى تەرتىپ بويىچە يېزىپ چىقاتتى. ئانىسى ھەر دائىم رەتنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇراتتى. مانا بۈگۈن تۇنجى رەت تۇغۇلغان كۈننى ئانىسىز ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ، بۈگۈن بۇندىن كېيىنكى ئانىسىز ئۆتىدىغان تۇغۇلغان كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى...
ئۇنىڭ كۆزىگە ياش تولدى. يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغىنىچە، نېرىقى بۆلۈمدىكى ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ كۈندىلىك خاتىرىسىنى تاپتى-دە، يەرگىلا زوڭزىيىپ ئانىسىغا خەت يېزىشقا باشلىدى:

*قەدىردان ئانا،*

*سەن بىلەن دائىم بىرگىمەن دېگەن ئىدىڭغۇ؟ راست شۇنداق بولسا، يەنە نېمىشقا سېنى شۇنچىلىك سېغىنىمەن؟*

*تېخى بايىلا بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئانا. ئېيتقىنا، سەن نەدە؟...*

*بۈگۈنگىچە ساڭا خەت يازالمىغىنىمنى كەچۈر. سەن كەتكەندىن بېرى كۈندىلىك خاتىرەمنى تېخى مانا ئەمدى ئېچىپ تۇرۇۋېتىمەن.*

ئەلۋەتتە، راست گەپ قىلغىنىڭدىن ئاغرىنغىنىم يوق. دەسلەپتە، بىر ئاز ئاچچىقىم كەلگەن، مەيۇس-لەنگەن ئىدىم، ئەمما ھازىر ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇشۇڭ شۇنداق قىلىش زۆ-رۈر بولغىنىدىنغۇ ئاخىر.

ئەمما ئەپۇ قىل، ئانا... مارىينى ئىزدىمىدىم. مېنى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە گىردابىغا تاشلىغىنى ئۇ-چۇن ئۇنى كەچۈرەلمەيمەن. بىلسەڭ، ئۇنىڭ ساڭا يازغان خەتلىرىنىمۇ ئوقۇپ باققىنىم يوق. بەلكى ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەندۇ... كەچۈر...

نېمىگە ئەڭ قايغۇرىدىغىنىمنى بىلەمسەن ئانا؟

ۋەدەمدە تۇرالمىدىم - دە، سېنى قەلبىمدە بول-سىمۇ ساقلاپ قالالمىدىم. ھەممە نەرسە سېنى ئەس-لىتىدۇ ۋە مېنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ. سېنى ئەسلەش مېنى تېخىمۇ دەردكە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئاشۇ قىز پەيدا بولۇپ قالمىغان بولسا، ئىشلار بۇنداق بولماستى بەلكىم...

دادام بولمىش ئادەمنىمۇ ئويلىغۇم يوق. سەن خېتىڭدە "ئۇ ئىككىمىز ئۇچۇن ئۆلگەنغۇ بەرىبىر" دەپتىكەنسەن، سېنى شۇنداق دېگۈزگۈدەك يېتەرلىك بىر سەۋەب بار، ھەقىچان.

بولدىلا، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى... ئەمدى سې-نىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرەي، ئانا.

بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش كۈنىمىز. مەكتەپنى ئالدىنقى ئۇچىنىڭ بىرى بولۇپ غەلىبىلىك پۈتكۈزد-

دىغان بولدۇم. ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى 19 ـ مارت سائەت بەشتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سىنىڭ ئاشۇ كۈندە شۇ مەيداندا بولۇشۇڭنى قانچىلىك ئارزۇلايتتىم ـ ھە!...

راست گەپ قىلسام، بۇ ئاردا ئاخشاملىرى پىيادە ئايلىنىشقا چىقالمىدىم. لېكىن كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشسىلا داۋاملاشتۇرىمەن، ئانا.

خىزمەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئالدىنقى ھەپتە سان فرانسىسكو بويىچە ئەڭ ياخشى ئىككى ئادۋوكات ـ لىق ئورنىدىن تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالدىم، مۇشۇ ئاي ـ نىڭ ئاخىرىغىچە جاۋاب بەرسەم بولىدۇ، قايسىسىغا بېرىش توغرۇلۇق تېخى ئويلىنىپ بولالمىدىم.

ساڭا مەسلىھەت سالسام، سىنىڭ ھەممىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلىدىغىنىڭنى بىلىمەن. مېنىڭمۇ بەكلا شۇنداق قىلغۇم بار، ئانا. ئەمما ساڭىمۇ ئايان، يازمى ـ لىرىم ساڭا يارىغان بىلەن باشقىلارغا ئۇنچىۋالا يېقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭىمۇ يازغۇچى بولۇش خىيالىنى كاللامدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇرمەن. يەنە كېلىپ، مەن سىنىڭ ئاشۇ گۈزەل ھېكايىلىرىڭ ـ نى تىڭشاپ يۈرۈپ، يېزىقچىلىق خىيالىنى سۈرۈپ قالغانمەن. ئەمما سەن ئەمدى يوق، ئانا. ھېكايىلى ـ رىڭمۇ يوق. ماڭا ئەمدى ھېچقانداق ھېكايە سۆزلەپ بېرەلمەيسەن، كىتاب يازاي دېسەممۇ، سەن ئۇنى ئو ـ قۇيالمايسەن. "شۇنداق ياخشى يېزىپسەن، دېئانا جې ـ

*ئىنىم" دېيەلمەيسەن...*
*دەيدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك، ئانا. خاتىرجەم بول،*
*مەندىن خۇش خەۋەرلەر ئىڭشايسەن.*

دىئاننا كۆزىنى خاتىرىدىن ئالماي خېلىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئانىسىنى ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ بۇ خەتنى يازغان ئىدى. ئەمما... ئۆلگەنلەر خەت ئوقۇيالمايتتى، ئۆلگەن ئانىلار قىزلىرىنىڭ خۇش خەۋەرلىرىنى ئىڭشىيالمايتتى...

دىئاننا كۈندىلىك خاتىرىنى يېپىپ، ئانىسى تۇغۇلغان كۈن ھەدىيەسى قىلىپ قالدۇرغان كۈمۈش رامكىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئانىسى ۋاپاتىدىن بىر ئاي ئاۋۋال ئۆز قولىدا تۆت چۆرىسىگە بىردىن قارا گۈل چۇشۇرۇپ ئىشلەپ چىققان بۇ رامكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ "بۇ دۇنياغا... خۇش كەلدىڭ، قىزىم..." دېگەن ئىدى. ئانىسىنىڭ ئۇزۇلۇپ قالغان گېپىدىن ئۇ دەپ بولالمىغان نۇرغۇن مەنىنى چۈشەنگەن دىئاننا:

— تۇغۇلغان كۈنۈمگە تېخى ئىككى ئاي بارغۇ، ئانا، — دېگەن ئىدى سەبىيلەرچە.

بۇ ئۇنىڭغا ئانىسىدىن قالغان ئەڭ قىممەتلىك خاتىرە ئىدى. دىئاننا رامكىنى بېزەپ تۇرغان تۆت قارا گۈلنى ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى ۋە رامكىغا ئېلىنغان شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇشقا باشلىدى:

*"ياق،*
*سەن ئويلىغان كەبى ئەمەس ئىش*

*يوقاتمىدىڭ مېنى ھېچقاچان.*
*ئاڭلىتىمەن بارچىنى ساڭا،*
*خاتىرەڭنىڭ كەينىدىن ھامان.»*

ئۆنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى.
— ياق، ئانا، ئەسلىي ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، — دېدى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ، — سېنى يوقاتتىم، سۆزلىرىڭنىمۇ... ئەمدى مەن ھېچقانداق گېپىڭنى ئاڭلىيالمايمەن...

# 5

دىئاننا پوسۇلكىنىڭ ئانىسىدىن كەلگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ لېنتىنى يېشىشكە باشلىدى. نەپىس ئورالغان بىر پو- سۇلكا بىلەن ئۇ بۇگۈن تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالارمۇ؟ ئۇ ئىشەنمەيتتى.

پوسۇلكىدىن بىر بوتۇلكا شامپان، يۈرەك شەكىللىك كرىستال، تۇغۇلغان كۈن كارتىسى ۋە بىر پارچە ئىمزاسىز سۆيگۈ خېتى چىقتى. دىئاننا ھەممىسىنى كۆتۈرۈپلا ئەخلەت ساندۇقىغا ئاتاي دەپ تۇرۇۋېدى، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. قارىغاندا، بۇگۈن ئۇنىڭغا ئارامچىلىق يوقتەك قىلاتتى.

ئېكراندا چاقىرىلمىغان مېھمانلار — يېقىن دوستلىرى ئىسابېل بىلەن ئاندىرىيا كۆرۈندى. ھەئە، يېقىن دوستلىرى، ئۇنىڭ بېشىغا، چېچىغا، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ياراشقان - ياراشمىغانلىقى ياكى داڭلىق ماركىلىق ياكى ئەمەسلىكىگىلا كۆڭۈلشىدىغان "دوست"لىرى... ئەمما دىئانناغا ئايان، ئىسا- بېل، ئاندىرىدەك دوستلىرى بولغاچقىلا ئۇ ئۆزىنى ئەزىزلە- نىۋاتقان، قەدىرلىنىۋاتقاندەك سېزىدۇ؛ شۇلارنىڭ سايىسىدا

ئۆزىنى ئالاھىدە ھېس قىلىدۇ، شۇلار بولغاچقىلا ئۇ "دىئاننا ستۇئارت" دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ...

دىئاننا ئۇنچىلىك ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس. ئۇ دوستلىرىغا قەرزدار، يېقىن دوستلىرىغا ئىشىك ئاچماي "كېتىڭلار، كەلمەڭلار" دېيەلمەيدۇ، "ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈم يوق" دەپ ئۇلارغا ۋارقىرىيالمايدۇ...

ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىسابېل بىلەن ئاندىرىيا بوسۇغىدىن ئاتلار - ئاتلىمايلا توۋلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى:

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە...

خۇشال تىلەك-تەبرىك ياغدۇرۇۋاتقان ئىككىيلەن دىئاننانىڭ ھالسىز تۇرقىغا قاراپ، ۋارقىراشتىن بىردىن توختاشتى:

— نېمە بولدى ساڭا، دىئاننا؟ — دېدى ئىسابېل.

— ھاراقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىمە دەپ قانچە قېتىم دېگەندىمەن ساڭا، دىئاننا؟

ئاندىرىيا شۇنداق دېدى - دە، ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقتىن بىئارام بولغاندەك، ئىسابېلنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە تېز-تېز چامداپ بالكونغا ئۆتۈپ سورىدى:

— بۈگۈن زىياپەت يوقمۇ، دىئاننا؟ نېمىشقا مەكتەپكە بارمايسەن؟ بۈگۈن نېمە قىلىمىز؟

ئىسابېل ساپ ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قات - قات توپا - چاڭلارنى بارمىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ دىئانناغا كۆرسەتتى:

— بۇ چاڭ - توزانلار كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، ھۆرمەتلىك دىئاننا خېنىم، پۈتۈن شەھەر تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا -

يۇ، سىز بۇ گۈزەللىكلەرنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈشنىمۇ تەرك ئېتىپسىز. ئەجەبا، سەن دە، ئاندىرىيا، — ئۇ ئاندىرىغا بۇرۇلدى، — بۇ قاملاشماپتىمۇ ـ قانداق؟

— راست قاملاشماپتۇ، — دېدى ئاندىرىيا.

— راست، ئاندىرىيانىڭ سوئالىغا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭ، دىئاننا، بۈگۈنكى پىلان؟

— يوق، ھېچ ئىش.

— نېمە؟ چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن؟!

— سىلەرنى ئالداۋاتقىنىم يوق. ئاخشام بەك كەچ ياتتىم، بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئاشقازىنىممۇ بىئارام. شۇڭا...

— ئەمما بۈگۈن سېنىڭ تولغان كۈنۈڭ، دىئاننا!

— راستىنلا ھېچ ئىشقا رايىم...

— ساڭا زادى نېمە بولدى، دىئاننا؟ سەن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭ. ھەممىمىزنى سەن يىغاتتىڭ، سەن جەملەيتتىڭ، ئەمدى ، كۆرەي دېسەكمۇ يوق، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيسەن. بېشىڭغا ئېغىر كۈن كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما بۇ دەرد ـ مۇسىبەتلەردىن ئۆيگە سولىنىۋېلىپلا قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟ سېنىڭچە ئاناڭ سەندىن مۇشۇنى كۈتەرمىدى؟ ئۆزۈڭنى بەردەمرەك تۇت، دىئاننا. سەن غەيرەتلىك قىزسەن.

— ياق.

— نېمە ياق؟

— بەكلا ئاجىز ئىكەنمەن.

— كىم؟ دىئاننا؟ دىئاننا ستۇئارت ئاجىز؟ ئۆزۈڭگە قايت جېنىم. ئالدىڭدا تېخى سەن باسىدىغان ناھايىتى ئۇزاق يول

بار، غايە ـ ئارزۇيۇڭ بار... بۇنداق بولۇۋالساڭ ھېچبىر...
— ئارزۇ؟
— مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ئادۋوكات بولۇپ چىققۇڭ بار ئەمەسمىدى؟
دىئاننا چوڭقۇر ئۇھسىنىدى. ئاۋۋال ئاندىرىياغا، ئاندىن ئىسابېلگە قاراپ قويۇپ "سىلەر راستتىنلا چۈشەنمەيسىلەر" دېدى ئىچىدە.
— مەن ھېچقاچان ئادۋوكات بولۇشنى ئويلاپ باققىنىم يوق، ئىسابېل.
— قانداقسىگە؟
— مېنىڭ بىر يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇملا بار، خالاس.
— رېئاللىقتا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ئارزۇنى دەۋاتىمەن مەن، دىئاننا، — دېدى ئىسابېل.
— بولدى قىل، دىئاننا، — دېدى ئاندىرىيا، — ئارزۇ دەۋاتىمىز، باللىق خىياللىرىنى ئەمەس. مەنمۇ كىچىكىمدە ناخشىچى بولسامكەن دەيتتىم. ئەمما چوڭ بولغانسېرى ئاۋا-زىمنىڭ قاغىنىڭكىدەك قوپاللىقىنى سەزدىم.
ئاندىرىيانىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى كۈلۈپ تۇرغان چىرايى، ئۆزىدىن ئۆزگە ھاياجانلىنىشلىرى، كىنايە قىلىپ، ئارقىسىدىن ئۆزىچە قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى ئۇنىڭ نېمە دې-مەكچى ئىكەنلىكىنى يۇشۇرۇپ قالالمىغان ئىدى.
— غەم يېمە ئاندىرىيا، — دېدى دىئاننا، — مەنمۇ قاغا پۈتى بىر نەرسىلەرنى يازىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن...
— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، دېئاننا. مەن پەقەت...
— بولدى، خان قىزلار، — دېدى ئىسابېل ئارىنى يۇم-

شاتماق بولۇپ، — قالغىنىنى كەچتە پاراڭلىشايلى.

دىئانامۇ، ئاندىرىمۇ جاۋاب بەرمىدى.

— دىئانا، — دېدى ئىسابېل، — بىز مېڭىپ تۇرايلى، مۇراسىم كىيىمىمىزنى كىيىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ. كەچتە، سائەت سەككىزلەردە سېنى ئالغىلى كېلىمىز. ياسىنىپ-تارىنىپ تەق بولۇپ تۇر. كېلىمىز - دە، سېنى قولتۇقلىغىنىمىزچە، ئاۋۋال فلۇردېلسىيەگە، ئاندىن ئولىمپىيەگە، ياكى خالىساڭ روككاپۇلكوغا ئاپىرىمىز. كېلىشتۇقمۇ ئەمىسە؟ بىر تېلېفون قىلىمىز، كونا دوستلار بىر دەمدىلا جەم بولىدۇ. قانداق، بولىدىغاندۇ؟

— مەن ھەرقاچان تەييارمەن، — دېدى ئاندىرىيا.

— ئىككىڭلارنىڭ كەلگىنىڭگە كۆپ رەھمەت، — دېدى دىئانا، — ئەمما، بۈگۈننى يالغۇز ئۆتكۈزگۈم بار.

# 6

ئىسابېل بىلەن ئاندرىيا كەتكەندىن كېيىن دىئاننا بالكوندا ئۇزاق ئولتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. خېلى ئۇزاقتىن بېرى دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ، قايغۇ ـ كۈلكىسىگە تەڭ ھەمشىرىك بولۇپ كەپتۇ. لېكىن... ئۇلار ئۇنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسىدىنمۇ خەۋەرسىزكەن. مەيلىغۇ، ئۆزىمۇ ۋاز كېچەي دەپ تۇرغان ئارزۇسىنى بىلمىگىنى، چۈشەنمىگىنى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا دىئانانىڭ نېمە ھەققى؟

"شۇ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيۇڭ ئۈچۈن تىرمىشىشىڭغا توسقۇن بولغىنى زادى نېمىكىن، بالام؟" دىئانانىڭ ئېسىگە ئانىسىنىڭ خېتىدىكى شۇ نىدا كەلدى.

دىئاننا بۇ دۇنياغا مىڭ مەرتەم تۆرەلسە، مىڭىنچىسىدىمۇ يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئادەتتىكى يازغۇچى بولۇپ قېلىشتىن قورقىنى ئۈچۈنلا قانۇن كەسپىدە ئوقۇشنى تاللىغان ئىدى. دەسلەپىدە، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئۆز ئىقتىدارىنى زايە قىلىۋەتتى، دېيىشتى. لېكىن

دىئاننا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۇيىنى ئەدەپ بىلەن يوشۇرۇپ، تالـ-لىغان كەسپىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق ئىكەنلىـ-كىنى سۆزلەپ يۈردى. ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ئارقىسىدا قانداق-تۇر مەنىستىمەسلىك بار ئىدى، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرمۇنچە غەيۋەت ـ شىكايەت پەيدا بولدى. كىشىلەر كۇسۇر-لىشىپ دىئانانىنىڭ خەلقئارالىق بىر كاتتا مېھمانساراي گۇ-رۇھىنىڭ، شۇنداقلا سان فرانسىسكودىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك مېھمانسارايلاردىن بىرىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى؛ بىر چاغلاردا شەھەرنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق ياشلىرىدىن بىرى بولمىش بىچارە دىئانانىڭ ئەمدىلىكتە يازغۇچى بولىمەن دەپ، ھېچ-كىم ئوقۇمايدىغان بىر نەرسىلەرنى يېزىشتىن باشقا ئىش قىلماي ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى سۆزلىشەتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىش ئۈچۈن جېنىنى ئاتاشقىمۇ تەييار تۇرىدىغانلار ئەمدىلىكتە ئۇنى، ھاياتىنى زايە قىلىۋەتتى دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن باقاتتى.

دىئاننا بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ رايىغا خوپ كېلىدىغان بىر كە-سىپنى تاللىغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمىگەن ئىدى. شۇڭا دوستلىرىنىڭ ئۇنى ئانچە چۈشەنمىگەنلىكى بەلكى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىدۇ. ئۆزى ئۇلارغا ئېنىق ئېيتىشنى خالىمايتتىغۇ؟ غايە ـ ئارزۇ، چۈش ـ خىياللىرىنى ئۇلارغا دەپ باقمىغانمىتـ-تى؟ ئەلۋەتتە دەپ باققان. ئەمما ئۇ ھەر قېتىم دوستلىرىغا ئۆز ئارزۇسىنى ئېنىق ئېيتىشقا تەمشەلگىنىدە، ئۇلار قۇلاق سېلىشتا يوق، بەلكى ئۇنىڭغا نېمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىـ-نى ئۆزلىرى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغاندەك، قانداق قىلىش،

قانداق ئويلاش، ۋە ھەتتا قانداق ھېس قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ بىر پاتمان ئەقىل ئۆگىتىشەتتى.

ئانىسى كېتىپ دەردىگە يېتىدىغان ھېچكىم قالمىغان بۇ دۇنيادا قانداق ياشىغۇلۇق ئەمدى؟

بۇ سوئال بىلەن گادىرماچ بولۇپ كەتكەن كاللىسىنى سەل تىندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بۇرۇن ھەر كەچلىكى ئانىسى بىلەن چۆرگىلەپ كېلىدىغان باغچىغا بېرىپ بىردەم بولسىمۇ ئايلىنىپ كېلىشنى ئويلاپ قالدى.

# 7

باغچا جىمجىت ئىدى. دىئاننا دېڭىز بويىغا كېلىپ ساھىل بويلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ ئانىسى بىلەن بۇ ساھىلدا قانچە رەت بىرلىكتە ئايلانـ غان ئىدىكىن؟ ئەمدى ئانىسى بىلەن بىر مەرتەم ئايلىنىۋالسا، قانچىلىك بەدەل تۆلىسىمۇ مەيلىتىغۇ. پەقەت بىر مەرتەم... ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ دەقىقىلەرنىڭ قىممىتىنى ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن بىلىپ تۇرۇپتۇ، ھەي ئىسىت...

دىئاننا ئاللىقانداق خىيال ۋە ئەسلىمىگە پاتقان ھالدا ئايـ لىنىپ پىرىستانغا كېلىپ قالغاندىلا ئۆزىگە كەلدى ۋە كەينىـ گە ياندى. ئۇلار ئادەتتە ئاسانراق قايتىش ئۈچۈن كۆپىنچە باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يولدىن ماڭاتتى. بۇ يول قىسقا بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ يولدا ھەرـ قىسما ئادەملەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. چېچىنى ھەرـ رەڭ-سەررەڭ بويىۋالغان ياشلار، بەدىنىنىڭ كىشىنىڭ خىياـ لىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان جايلىرىنى تەشتۈرۈۋالغان قىزلار، بەدىنىنىڭ ھېچ يېرىنى ئالا قويماي گۈل چەكتۈـ

رۇۋالغانلار دېگەندەك...

بۇ يول بوگۇنمۇ ھەرقاچانقىدەك ئەرزان ئۇنچە-مارجان ساتىدىغان سەييارە يايمىچىلار، داغلامچىلار، سازەندىلەر، تىلەمچىلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى.

دىئانىنا تىلەمچىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا "ھەي، خانقىز" دەپ بىرىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدى.

ئۇ ئۆزىنى چاقىرغان ياكى چاقىرمىغانلىقىغا جەزم قىلالماي ئەتراپىغا قارىدى، ئەمما چۆرىسىدە "خانقىز" دېگۇدەك بىرى يوق ئىدى، ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى.

— خانقىز، — دەپ يەنە بىر رەت چاقىردى بىر قېرى پالچى ئۇنىڭغا قاراپ.

ئەسكى بىر پالاسنىڭ ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغان، چاچلىرى كىر دەستىدىن قاسماقلىشىپ كەتكەن تىلەمچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئالامان ئىچىدىن كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ئويناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كىچىك، قارا كۆزلىرى ئۇنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئولتۇرۇۋالغان پالاسنىڭ ئۈستىگە "پال، توققۇز دوللار" دەپ يېزىۋالغان ئىدى.

دىئانىنا ھەيران قالدى، ھازىرغا قەدەر پالچىلىقمۇ قىلىپ قويىدىغان بۇ تىلەمچىنىڭ ئالدىدىن كېمىدە بىرەر يۈز قېتىم ئۆتكەندۇ، ئەمما بۇگۇنگىچە ئۇنى بىرەر مەرتەم چاقىرىپ باقمىغانىدۇ...

— مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟ — چۈشەنمىگەن دىئانىنا ئۆزىنى كۆرسىتىپ سورىدى.

— ئۇنى ئىزدىدىڭمۇ؟ — سورىدى تىلەمچى.

— كىمنى؟

— ئۇنى؟

— ئۇ دېگىنىڭىز كىم؟

— سەن بىلمىسەڭ مەن نەدىن بىلەي؟

دىئاننانىڭ بۇ غەيرىي، غارايىپ پاراڭنى ئارتۇق داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمىدى. بەلكى بېشىغا كۈن چۈشكەندۇ، ياكى كۆڭلىنى خۇش قىلغىلى بىرىنى ئىزدەۋاتقاندۇ، ياكى پال سالدۇرىدىغانغا كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئويۇن چىقىرىۋاتقاندۇ... ئەمما مەيلى قانداق سەۋەب بولسا بولسۇن، دىئاننا ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر. ئۇ كېتىدۇ...

دىئاننا ئارىدا ھېچقانداق پاراڭ بولمىغاندەك ئۆز يولىغا ماڭماقچى بولۇۋىدى، قېرى پالچىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— كەل خانقىز، ساڭا ھەقسىز پال ئاچىمەن. ئولتۇر، بەلكى ئۇنىڭ نەدىلىكى ئايان بولۇر بۇ پالدىن.

— كەچۈرۈڭ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم، بىلگۈممۇ يوق...

بۇ چاغدا پالچى ئاللىقاچان ئالدىدىكى سۇ تولدۇرۇلغان كۈرۈشكىغا كۈلدەك بىر نەرسىنى تاشلاپ، كىرلەشكەن سۇغا قاراشقا باشلىغان ئىدى.

— پاھ - پاھ، — دەۋەتتى ئۇ ھەيرەت ئاھاڭىدا، — نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن ھە... ساڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىرىنى، توغرا، بەئەينى سېنىڭ ئۆزۈڭ...

دىئاننا تۇرغان يېرىدە قاققاندەك تۇرۇپ قالدى.

— كىم ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن؟ — دېدى مىڭ تەستە يۇتۇنۇپ.

— ئەمدى بولدى، خانقىز، كەل، ئولتۇر.

قېرى پالچى كۇرۇشكىدىكى سۇنى بارمىقى بىلەن ئىلەشتۇرۇپ دىئانانىڭ يۈزىگە سۈرتتى ۋە دىئانانىڭ ئېغىز ئېچىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىزدە ياكى ئىزدىمە، ئۇ بەربىر ساڭا ئوپئوخشاشتۇر، بەئەينى سەن. يېشىمۇ سەن، بويىمۇ سەن، قېشى، كۆزىمۇ سەن...

دىئانانىڭ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى، نېمە سوراشنىمۇ بىلەلمىدى. ئەمما بۇنى بىر نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. پال دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. سېھىر دېگەن نېمە يوق. بۇ دىۋانە پالچىنىڭ مارىي ھەققىدە بىر نېمە بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭ بىكار گەپ قىلىپ جۆيلۈۋاتقىنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دىئانا سورىدى:

— ئۇنداقتا ئۇ نەدىكەن؟

— نېرىدا ئەمەس.

— نەدە؟ — دېدى دىئانا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

قېرى پالچى ئوچۇمىنى ئېچىپ باياتىنقى پاسكىنا سۇدىن ئازراق تۆكتى ۋە ئالىقىنىدىكى سۇغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇلايىم ئاۋازدا دېدى:

— يىراقلاردىن كەلدى يېقىنغا، ئۇزاقلارغا كېتەر ۋە يەنە قايتىپ كېلەر يېقىنغا.

كېيىن ئۇ بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارشى تەرەپكە — يولنىڭ دېڭىز تەرىپىدىكى قىسمىغا تىكىلدى. دىئانا ئۇنىڭ

نېمىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇمۇ بۇرۇلدى.

يىگىرمە مېتىرچە نېرىسىدا بىر كوچا رەسسامى ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ دەرھال دېڭىزغا قارشى قويۇلغان رەسىمىگە قارىۋالدى.

دىئاننا قېرى پالچىغا "نېمە بولدى" دېگەندەك قارىدى.

— ساڭا ئوخشايدىغان "ئۇ" قىز، — پىچىرلىدى پالچى، — كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ رەسسام بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

دىئاننا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. "باشتىلا مەشەدە ئولتۇرۇپ خاتا قىلغانمەن زادى، — دېدى ئىچىدە چىچاڭ-شىپ، — ئاپئاشكارا تۇرمامدۇ، بۇ قېرى پالچى، ئەسكى دېۋانە ئۇنى چېلىپ ئويناۋاتىدۇ. باشتىلا كىشىنى ئەخمەق قىلىپ ئېرىشىدىغان خۇپىيانە خۇشاللىقىنىڭ ئالامەتلىرى بار ئىدى پۇرۇشكەن چىرايىدا."

دىئاننا دەرھال ئۇ يەردىن يىراقلاپ كەتتى، لېكىن قېرى پالچىنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىغان ئاۋازى ئۇزاققا بارمايلا يەنە ئاڭلاندى:

— ئوقۇ. يېزىلغان خەتلەرنى ئاچ ۋە ئوقۇ!

"ئاچ ۋە ئوقۇ!" بۇ گەپ، كەينىدىن خائىنلارچە ئېتىلغان ئوق كەبى دىئاننانىڭ دۇمبىسىگە سانجىلدى.

بۇمۇ تاسادىپىيلىقمۇ؟ ئەجەبا بۇ مارىينىڭ تېخى ئاچمىغان، ئوقۇمىغان خەتلىرىنى دەۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ كالللىسى گاڭگىراپ بولۇپ كەتتى. ئۆيىگە قايتىپلا ئۇنى ئوقۇش نىيىتىگە كېلىپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

رەسسامنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ باياتىن قوزغالغان ئۆيىگە دەرھال قايتىش ئىستىكىنى سەل بېسىۋالدى.

رەسساملىنىڭ كەينىنى قىلىپ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نىمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى ئاڭقىرىۋېلىش ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ سەنگەۋاراڭ رەسسامغا كۆز تاشلىدى.

رەسسام ئۇنىڭدىن سەل ياشتەك كۆرۈنىدىغان، بوغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي، تەمبەل، قىسقا چاچلىرى قالايمىقان يىگىت ئىدى. ئۇستىگە قوڭۇر رەڭلىك كونا مايكا، ئاستىغا تىزىدىن بىر نەچچە يېرى تىلىنغان، يىرتىلغان پادىچىلار شىمى كىيىۋالغان ئىدى. سۇرتۇلمىگەنلىكتىنمۇ، يېپىشىۋالغان توپا - چاڭنىڭ دەستىدىن كىيىۋالغان ئايىغىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

رەسىم جازىسىنىڭ يېنىدىكى پالما يوپۇرمىقىدا جىيەكلەنگەن تۆمۈر جازىغا سېتىلىدىغان رەسىملەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. رەسىملەر بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ھەممىسىدە پەقەت دېڭىز، كۆك ئاسمان ۋە چايكىلا سىزىلغان، "150 دوللار" دەپ باھا ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ھەربىر رەسىم ئۆزگىچە مەنىنى ئىپادىلەيتتى.

رەسسام ئۆزىگە ۋە رەسىملىرىگە كىمدۇر بىرىنىڭ نەزەردىنىڭ تىكىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، قايرىلىپ يوغان كۆكۈش كۆزىنى دىئانناغا تىكتى:

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— مۇنداقلا كۆرۈۋاتىمەن.

— كۆرەلەمسىز؟

— ھە؟

— ھە... دېمەكچى، رەسىملەرنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟

— رەڭ تەڭشىشىڭىز ئاجايىپكەن، تەبرىكلەيمەن.

رەسسام ئۈندىمىدى.

كۆڭلىگە بىرەر ئىغىز بولسىمۇ "رەھمەت" دەپ قويار دەپ ئويلىغان دىئاننا رەسسامنىڭ مىتمۇ قىلىپ قويمىغىنىنى كۆرۈپ "خوش، مەن ماڭاي" دېدى. رەسسام قولىنى پولاڭلىتىپ قويدى ـ دە، دىئاننانىڭ ئۈزىشىنىمۇ كۈتمەستىن رەسىم جا ـ زىسىغا بۇرۇلدى.

بۈگۈن، بولۇپمۇ بۈگۈن دىئاننانىڭ بىر كوچا رەسسامـ ـ نىڭ ئېتىبارسىز مۇئامىلىسىنى زىغىرلاپ ئولتۇرغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئۇ رەسسامنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ قو ـ پاللىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ كەيپىياتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، باغچىدىن چوڭ ـ چوڭ قەدەم ئېلىپ يىراقلاشتى.

# 8

پەرۋانىلەر مېھمانخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تام - تورۇسنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغنىڭ ئۈستىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ئىس ۋە كۆيۈك ھىدى قالدۇرغان ئىدى. دىئاننا يەڭگىل لەيلەپ يۈرگەن ئىسقا قاراپ، پەرۋانىنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

دىئاننا پەرۋانىنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا قېچىشقا بۇيرۇيدىغان نامەلۇم ئىچكى كۈچنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۆزىنى ئايانماستىن ئوتقا تەلۋىلەرچە قانات قېقىپ كىرىشى ئۇنىڭ ئوراپ تۇرغان قاراڭغۇ - زۇلمەتكە، ئېنىقسىزلىق، گاڭگىراشقا قىلىۋاتقان ئىسيانىدۇ بەلكى. ئۇ ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇشنى، بىر ئۆمۈر نامەلۇم قاراڭغۇلۇقتا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشتىن ئەۋزەل كۆرگەنىدى.

ئەجەبا مارىينىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەرۋانىنىڭ ئوتقا ئۆزىنى ئېتىشىغا ئوخشارمۇ؟ ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداشقا كۈچىمەسلىكىنى، ئۇنى قاپسىۋالغان مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتىن قېچىش، دېگىلى بولسۇنمۇ؟ ئەگەر

شۇنداق بولسا، بۇ زۇلمەتتىن، گاڭگىراشتىن، ساداقەتسىز-لىكتىن قاچمەن دەپ ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئېتىپ كۈل قىلىشى كېرەكمۇ؟

ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. قانداقسىگە باش-ئاخىرى نائېنىق قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ قالغىنىنى، قانداقسىگە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ۋە بۇنىڭغا كىمنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئانىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇن-دىماسلىقىقا ئۇ ئۆزى ئەيىبلىكمۇ؟ ياكى گۇناھ ئائىلىسىنى ئىككىگە پارچىلىغۇەتكەن دادىسىدىمۇ؟ ياكى ئانىسىغا شۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان خەتنى يوللىغان مارىيەدىمۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا بۇ ئېغىر يۈكنى يۈكلەپ قويغان ئانىسىدىمۇ؟ ۋە ياكى ئانىسىنى ئېلىپ كەتكەن خۇدادىمۇ؟ بەلكىم ھەممىسىدى-دۇ ۋە ياكى ھېچكىمدە ئەمەستۇ.

دىئاننا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيتتى، ئۇ ھايات تىز-گىنىنىڭ ئاللىقاچان قولىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى-دى. بەلكىم سىرتىدىن كونترول قىلىنىدىغان مەخلۇققا ئوخشاش، ئوي-خىيال، ھېس-تۇيغۇلىرى ئاللىقانداق بىر يەر-لەردە كىملەردۇر تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىجازىتىسىزلا بەلگىلەن-نەر...

"تەقدىر دېگەن شۇمىدۇ؟" دەپ ئويلىدى دىئاننا. ناۋادا تەق-دىر دېيىلسە، بۇرۇن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر دىۋانى-نىڭ باياتىن ئېيتقان غارايىپ سۆزلىرىنىمۇ تەقدىر دېگۈلۈك-مۇ؟ ھازىر ئورنىدىن تۇرۇپ مارىينىڭ خەتلىرىنى ئېچىپ ئو-قۇسا، بۇنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان بولامدۇ؟ ياكى ئۇمۇ پەقەتلا نامەلۇم بىر يەرلەرگە باغلانغان يېڭى بىر بۇيرۇقنىڭ

ئىجرا ـ ئىتائىتىمۇ؟ ۋە ياكى ھەممىسى ئوخشاش بىر گەپمۇ؟ دىئاننا بىلمەيتتى. پەقەت پەرۋانىگە قول قويۇۋاتقىنىنىلا بىلەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىشكاپنىڭ زىبۇ-زىنىنەت تارتمىسىدىن ئاچقۇچنى ئالغىنىچە قەدىمكى ساندۇق قويۇلغان ھۇجرىغا كىرىپ، ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئاچتى. مارىيدىن كەلگەن خەتلەر كىچىككىنە رەخت سومكىغا سېلىنغان ئىدى. دىئاننا خەتلەرنى سومكا بىلەنلا كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا چىقىپ، دىۋانغا يۆلىنىپلا پولغا ئولتۇردى.

سومكىدىن ئوخشىمىغان رەڭدىكى تۆت چوڭ، بىر كىچىك كونۋېرت چىقتى. كىچىك كونۋېرتتا مارىينىڭ ئانىسىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يوللىغان خېتى تۇراتتى. چوڭ كونۋېرتلارغا بىردىن تۆتكىچە نومۇر قويۇلغان ئىدى. بۇ نومۇرلارنى ئانىسى خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغان رەت بويىچە كېيىن قويۇپ چىققاندەك قىلاتتى.

ھەربىر خەت كونۋېرتى بىلەن ئوخشاش رەڭدە: قىزىل، يېشىل، ئاق، كۈمۈش رەڭ ئىدى. دىئاننا ئالدىنقى ئۈچ كونۋېرتقا نيۇ يوركنىڭ، تۆتىنچى كىچىك كونۋېرتقا سان فرانسىسكونىڭ پوچتا تامغىسى بېسىلغانلىقىنى بايقىدى.

— دېمەك، مارىي سان فرانسىسكوغا ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى دىئاننا ئىچىدە. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئېسىگە دىۋاننىڭ "يىراقلاردىن كەلدى" دېگەن گېپى كەلدى. "نېرىدا ئەمەس" دېگەن ئىدى قېرى پالچى.

ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرمۇنچە سوئال ـ خىياللار كەلگەن ئىدى، لېكىن توساتتىن كۈمۈش رەڭلىك كونۋېرتنىڭ بوش

تۇرغانلىقىنى سەزدى ـ دە، "تۆتىنچى خەت نەدە؟" دېگەن ئوي ھەممە خىياللىرىنى ئۈزدى.

ئۇ ھەممە خىياللىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ زېھنىنى يىغدى: مارىي سان فرانسىسكوغا كەپتۇيۇ، نېمىشقا ئانىنى كۆرگىلى كەلمىدى؟ ئۇ ھازىرمۇ مەشەدىمىدۇ؟ ياكى نيۇ يوركتا؟

ئۇ بىرەر جاۋابقا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ھەممە خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە بىرىنچى خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

## بىرىنچى خەت  باشقىلارغا ئېتىراز

*قەدىرلىك ئانا:*

*سىرتتا چاقماق چېقىپ، ئاسمان گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، ھۇجرامدا قورقۇنچتىن تىترەپ تۇگۈلگىنىمچە ئىللىق باغرىڭدا پاناھلىنىشنى ئىستىگەن، ئەمما سېنى تاپالمىغان مۇدھىش كېچىلەرنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپتىمەن.*

*بۇ قىسمەتكە تەن بېرىشكە ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ تۇرۇۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە دادام يېنىمغا كىرىپ سېنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىڭنى يەتكۈزدى ۋە ئادرېسىڭنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ساڭا خەت يازسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.*

*سىرتتىكى ھاۋا بىردىنلا مېنىڭ كەيپىمگە جور بولدى. چاقماق فوتو ئاپپارات بولۇپ خۇشاللۇقۇمنى*

سۇرەتكە تارتتى. "ھەي، ھەي ساڭا خۇش مۇبارەك، ـــ دەيمەن ئىچىمدە، ـــ ئانام بىلەن ئاخىرى جەم بولـدىغان بولدۇم."

شۇنداق ئانا، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئەمما بۇ راست. كىچىكىمدىن باشلانغان سېنى ئىزدەش سەپىرىم خەيرلىك ئاخىرلىشىدىغان بولدى. بىر ئايدىن كېيىن قېشىڭغا بارىمەن!

ئۆزۈن يىللاردىن كېيىن سەن بىلەن دىدارلىشىش ماڭا نىسبەتەن تەسۋىرلىگۈسىز بەختتۇر. شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە سېنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپتىمەن. شۇ سەۋەبتىن، مېنى ياخشىراق چۈشەنسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە سېنى ئىزدەش جەريانىدا بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى تېما قىلىپ بىر رومان يېزىۋاتىمەن، جېنىم ئانا. بۇ نەتىجىسىز ئىزدەش جەريانىدا بېشىمدىن نېمە قىسمەتلەر ئۆتكىنىنى بىر بىلسەڭ ئىدى! "باشقىلار" بىلەن ئارازلاشتىم، بىر ئوكيانىدىن ئاشتىم ۋە بىر گۈل بىلەن مۇڭداشتىم!

رومانىمنى شۇ تاپىناڭ ئۆزىدىلا ساڭا ئەۋەتكۈم بار ئىدى، لېكىن ئەپسۇسكى، ھازىر مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ساڭا يەنىلا ھېكايەمنى سۆزلەپ بەرگۈم بار. شۇڭا ھەپتىدە بىر يازىدىغان خېتىمدە ئۇنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىشنى توغرا تاپتىم. ھەر بىر خەتتە ساڭا ئۆزۈڭگە سوزۇلغان يولۇمدىكى ئوخشىمىغان باسقۇچلارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

بۇ باسقۇچلارنى ئۆزۈمچە "ئىتىراز"، "يول" ۋە "يوقىلىش" دەپ ئاتىۋالدىم. تۆتىنچى، يەنى ئاخىرقى باسقۇچ "يېڭىدىن تۇغۇلۇش"نى سەن بىلەن دىدارلاشقاندىن كېيىن يازىمەن.

"ئىتىراز" باسقۇچىدىكى ھېكايىلىرىمنى سۆزلەشكە باشلاي ئەمىسە...

قانچە يېشىمدىلىقى ئېسىمدە يوق، ئەمما ناھايىتى كىچىك چېغىمدىن باشلاپلا "نېمىشقا مېنىڭ ئانام يوق" دەپ سورايتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمدىن. ئەمما بۇ سوئالغا زادى جاۋاب تاپالمايتتىم. سوئال بولغان ئىكەن، جاۋابىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. سوئال مەندىن چىققان ئىكەن، جاۋابىمۇ مەندىن چىقىشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا مەن تېخى مەنتىقىلىق پىكىر يۈرگۈزگۈدەك ياشتا ئەمەس ئىدىم، ئەمما قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىۋاتقان سادالارنى سېزەلەيتتىم.

— نېمىشقا مېنىڭ ئانام يوق، دەپ سورىما، — دېدى قەلبىم ماڭا، — سوئالنى توغرا سورا، بىلىدىغان بىرىدىن "ئانام نەدە؟" دەپ سوراپ كۆر.

بىلىدىغان، ئىشلاردىن خەۋەردار بىرى... كاللامغا ئەڭ ئاۋۋال دادام كەلدى.

— دادا، ئانام نەدە؟ — دەپ سورىدىم دادامدىن.

دادام گەپ قىلماي بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن:

— ئاناڭ خۇدانىڭ دەرگاھىدا، — دېدى.

دۇرۇس، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى خۇدا ئەڭ گۈزەل يەردە ياشايدۇ ۋە مېنىڭ ئاناممۇ دەل ئا-

شۇنداق ئەڭ گۈزەل يەرگە لايىقتۇر.

كېيىنكى سوئالىم تەبىئىي رەۋىشتە "ئۇنداقتا خۇدا نەدە؟" بولدى.

دادام مەن خۇددى جاھاندىكى ئەڭ غارايىپ سوئالنى سوراۋاتقاندەك يۈزۈمگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇپ:

— بىلمەيمەن، قىزىم، — دېدى.

مەن بۇنىڭغا قاراپ بەلكىم "باشقىلار" سېنىڭ نەدىلىكىڭنى بىلسە كېرەك دەپ ئويلىدىم- دە، "باشقىلار" نىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدىم:

— ئانامنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىزكىن؟

— ئاناڭ يوق، — دېيىشتى "باشقىلار"، — ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيادا ئەمەس.

بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟ "يوق"لۇقلۇق "بۇ جاھاندا يوق"لۇقلۇقنى بىلدۈرەمدۇ؟ مەن سېنىڭ بارلىقىڭنى، مەۋجۇتلۇقلۇقىڭنى ھەركۈنى سېزىپ، ھېس قىلىپ تۇرغان ئىدىمغۇ. شۇ چاغدا قەلبىم ماڭا پىچىرلىدى: "ئاناڭنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ئىكەنسەن، دېمەككى ئۇ بار."

شۇ ھامان "باشقىلار" نىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈردۈم:

— مېنىڭ ئانام بار!

ئۇلار ماڭا باشقا بىر گەپ بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈشتى:

— ئاناڭ بىز بىلمەيدىغان بىر يەردە.

سىزنىڭ يېقىنلا بىر يەردىلىكىڭىزنى تۇيۇپ تۇ-رۇۋاتقىنىمنى ئېيتىپ ئۇلارغا قايىل ئەمەسلىكىمنى بىلدۈردۈم. بۇنىڭغا قارىتا ئۇلار يەنە بىر جاۋاب بې-رىشتى:

— ئاناڭنى پەقەت ئۇ ئالەمگە بارغاندىلا كۆرە-لەيسەن.

ياق، ياق! چوقۇمكى باشقا جاۋاب مەۋجۇت!

— ئۇنداقتا خۇدانى تاپىمەن، — دېدىم ئۆزۈمگە ۋە دادامدىن سورىغان ھېلىقى سوئالنى ”باش-قىلار“دىنمۇ سورىدىم:

— ئۇنداقتا خۇدا نەدە؟

خۇدانىڭ نەدىلىكىنى بىلمىۋالسام، ئەلۋەتتە سى-نىڭ نەدىلىكىڭنىمۇ تاپالىغان بولاتتىم. ئەمما، بىل-دىمكى، ئۇلارنىڭ خۇدا ھەققىدىكى بىلىشى ناھايىتى زىددىيەتلىك ئىكەن.

”خۇدا يوق“ دېدى بىرى؛ ”خۇدا بىزگە نامەلۇم بىر يەردە“ دېدى كىملەردۇر؛ ”خۇدانى پەقەت ئۇ ئالەمدىلا كۆرەلەيسەن“ دېدى يەنە بىرلىرى...

باشقا بىر ئىنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. ئەمما ھېچبولمىغاندا ئىزنى توغرا ئىزلەۋاتقىنىمغا كۆڭلۈم تىندى. ”باشقىلار“نىڭ ”خۇدا نەدە“ دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى بىلەن ”ئانام نەدە“ دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابىنىڭ ئوخشاش چىقىشى سىزنىڭ ھەقىق-قەتەن خۇدا بىلەن بىللە ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرەتتى. ئەمدى بايقىدىمكى، سىزنى ئىزدەپ باشتىن كەچۈر-

گەنلىرىم بىلەن خۇدانى ئىزدەش يولىدا كۆرگەن ـ ھېس قىلغانلىرىم ئارىسىدا ناھايىتى زور ئوخشاشلىق بار ئىكەن.

ئەقلىم يېتىلگەنسېرى ئەس ـ يادىمنىڭ سەندىلا قالغىنىنى كۆرگەن "باشقىلار"، مېنى بۇنىڭدىن قايـ. تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمغا دۆۋە ـ دۆۋە ئويۇنچۇقلارنى تويلاپ قويۇشتى. بىر مەزگىل شۇ ئويۇنچۇقلارغا مەـ. لىكە بولۇپ كۆن ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئىچىم پۇشۇشقا باشلىدى، ئۇلار ئالدىمغا بىر ـ بىـ. رىدىن ئۆزگىچە، قىممەت باھالىق، قىزىقارلىق، يېـ. ڭى ـ يېڭى ئويۇنچۇقلارنى تۆكمە قىلىشتى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ يەنە ئويلىنىپ قالدىم: "بەلكى، ـــ دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە، ـــ ئويۇنچۇقلىرىم توختاۋسىز يېڭىلىنىپ تۇرسا، مەنمۇ يېڭىدىن ـ يېـ. ڭى ئويۇنچۇقلارغا ئۆزمەي ئېرىشىپ تۇرسام، بەلكى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشال ـ خۇرام ئويناپ ياـ. شارمەن. لېكىن مېنىڭ ئارزۇ ـ مەقسىتىم ئويناش ئەمەس، بەلكى ئانامنى تېپىشقۇ ئاخىر!"

سەنسىز، قاي ئويۇنچۇقلار بىلەن بەختلىك بولاي، جان ئانا؟ سەنلا بولساڭ، ھېچقانداق ئويۇنـ. چۇقسىزمۇ بەختىسىز بولۇپ قالماسمەن، ئەزىزىم ئانا!

ئويۇنچۇق قىلتىقىدىن مۇشۇنداقلا قۇتۇلۇپ كېـ. تىشىم مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي سېنى ئىزدەشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇم. نېمىشقا دەمسەن، ئانا؟ ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي...

چوڭ بولغانسېرى "باشقىلار" نىڭ ماڭا بولغان ئې-تىبارى شۇنچە كۆچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ھەممىسى ما-ڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى، ئەپسۇسكى مەندىن بۇنى قىلچە يوشۇرمايتتى. "ئەپسۇسكى" دەيمەن، ئانا، چۈن-كى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ۋە مېنىڭ بۇ خىل قەدىرلىنىشنى خالىشىمنىڭ ئەمەلىيەتتە مېنى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيۇم-دىن — سېنى ئىزدەپ تېپىشتىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان-لىقىنى بايقاپ قالدىم.

سېنىڭ گېپىڭنى تولا قىلسامىلا ئۇلارنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇڭا بارا-بارا سېنى سۈرۈشتۈرۈشنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ماڭا بېغىشلاۋاتقان ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ كەيپ-خۇما-رىغا مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ كەتتىم.

"باشقىلار" نىڭ مەدھىيە ۋە ئالقىش بىلەن بېزەل-گەن تەبرىك چاپقۇنلىرى — بۇنىڭ كىشىنى ئۆلتۈر-گۈدەك زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىن بايقىدىم — ئۇستۇمگە توختاۋسىز ياغاتتى: "سەن شۇنداق ئالاھىدە بىر قىزسەنكى، بۇ ئالەمدە تەڭدىشىڭ يوق!" دېيىشەتتى ئۇلار. ئۇلار مەدھىيە چاپقۇنلىرىنى قاز-چىكى كۆپ ياغدۇرغانسېرى، بۇنداق شېكەر يالىتىلغان زەھەر قېنىمنى شۇنچە تېز زەھەرلەپ باراتتى.

شۇنداقتىمۇ، بەزىدە تۇرۇپلا بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىدىن شۈبھىلىنىپ قالاتتىم - دە، ئۆزۈمدىن: "سەن راستتىنلا شۇنداق ئالاھىدىمۇ؟" دەپ سورايت-

تىم. ئەمما مەن "ئالاھىدە" ئىكەنلىكىمگە "باشقىلار" تەرىپىدىن ئىشەندۈرۈلگەن ئىدىم، بۇ سوئالغا ئەلۋەتتە ئۇلارسىز جاۋاب بېرەلمەيتتىم. گويا قەلب ئەيندىكىم پارە-پارە بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۆزۈمنى كۆرمەك ئۈچۈنمۇ "باشقىلار"غا يۈزلىنىشكە مەجبۇر ئىدىم.

داۋاملىق ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى شۇ قەدەر خالايتتىمكى، ئۇلاردىن قانداق چاغدا "مەن راستتىنلا شۇنداق ئالاھىدىمۇ؟" دەپ سورىسام، ئۇلار ھەرقاچان شۇ ئوخشاش جاۋابنى بېرەتتى:

— ئەلۋەتتە، ئالاھىدە بىر قىزسەن، بۇ ئالەمدە يېگانىسەن!

بۇ ئوخشاش بىر سوئالنى سوراشتىن ۋە ھەم شۇ ئوخشاش بىر جاۋابقا ئېرىشىشتىن زادى زېرىكمەيتتىم. دېڭىز سۈيى ئىچكەن كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك، مەدھىيەگە كۆمۈلگەنسېرى ماختىلىشنى تېخىمۇ ئارزۇلايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

ئەمما چاتاق يېرى، "باشقىلار"نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-خاھىشى بويىچە ياشىشىم، ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن بارا-بارا "مەن" ئەمەس، "باشقىلار"نىڭ ئارزۇسىدىكى "مەن"گە، باشقا بىرىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتىم.

ھالا ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ماڭا بەلگىلەپ بەرگەن كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاپ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىمنى چۈشەن-

دىم. بۇ ھەقىقەتنى ماڭا يەتكۈزگەن، ئۆتۈۋاتقان-كې-تىۋاتقان كۈنلەردە ئۆز ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى ئاز قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىم يەنىلا قەلبىم بولدى.

— ناخۇشسەن، بەختسىزسەن، ئەي مارىي!

قەلبىمنىڭ ۋارقىرىشى ھالسىز پىچىرلاش كەبى ئاڭلاندى.

قەلبىم توغرا ئېيتقان ئىدى. ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇمنى تەرك ئەتكىنىم — سېنى ئىزدەشتىن ۋاز كەچكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن شۇنچىلىك رايىم قايتتى، "باشقىلار" نىڭ مېنى تۇشمۇ تۇشتىن ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇشلىرىمۇ خۇش قىلالمىدى. ئەكسىچە ناخۇشلۇقۇم، پىغانلىرىم ماڭا سېنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

— ئانام نەدە؟ — دەپ سورىدىم "باشقىلار" دىن قايتا جاراڭلىق ئاۋازدا.

ئۇلار يەنە شۇ كونا گېپىنى تەكرارلاشتى:

— ئاناڭ يوق.

— ئۇ بىز بىلمەيدىغان بىر يەردە.

— ئاناڭنى ئۇ ئالەمدىنلا تاپالايسەن.

...

— ياق، سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس!

— بىزمۇ باشقىلاردىن شۇنداق ئاڭلىغان.

— قارا، ئاناڭنى كۆرەلىدىڭمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ بىلەن

بۇ دۇنيادا كۆرۈشەلەيدىغان بولساڭ، ھېچبولمىسا ئۇ-نى كۆرگەن بولاتتىڭ.

— كۆرۈش ئۈچۈن پەقەت كۆزگىلا تايىنىدىغان ئىش بولسا، ئاللىقاچان ئېزىپ قالغان بولاتتىم سى-لەرنىڭ بۇ مۇدھىش دۇنيايىڭلاردا.

— بولدى قىل، ئاقىلراق بول، مارىي. سەن كى-چىك بالا ئەمەس، چوپچوڭ قىزسەن.

— ياق، مەن تېخى كىچىكمەن، — دېدىم مەن، — ھەم مۇشۇ كىچىك پېتىمچە قالاي.

سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىش ئۈچۈن "باشقىلار"غا مۇشۇنداق ئېتىراز كۆرسىتىشىم كېرەك، ئانا. ئەمما ئۆزۈم ئۈچۈن تېخى بۇ كۈپايە قىلمايدۇ. مېنى ساڭا يەتكۈزىدىغان بىر يول تېپىشىم كېرەك ئىدى. ئىك-كىنچى باسقۇچقا كىردىم - دە، بىر چۈشتە ساڭا با-رىدىغان ئۇ يول ھەققىدە بېشارەتكە ئېرىشتىم، يەنى شۇ چۈشتە سەن "بىلىدىغان بىرى"نى نەدىن تاپالايدى-غانلىقىمنى دەپ بېرىپسەن. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، سەن ئىشارە قىلغان ئۇ كىشى قولۇمدىن تۇتقىنىچە سەن كۆرسەتكەن يولدا كېتىۋاتقۇدەك. خۇددى سەن بىلەن بۇ دۇنيادا دىدارلىشىدىغاندەك...

كېيىنكى خېتىمدە شۇ چۈش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى ئارزۇ - ئارمانلاپ

مارىي

14- فېۋرال

# 9

ئانىسى ئامراق قېنىق زېغىر رەڭلىك يېشىل كىيىمىنى كىيىۋالغان دىئاننا چىملىقتا چوڭ - چوڭ چامدىغىنىچە مازارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا ئاز قالغاندا، ئۇزۇن قارا چاچلىق، قارىلىق كىيىۋالغان بىر ەيلەن-نىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. ئانىسىنىڭ قەبرى-سى يوغان بىر تۈپ چىنارنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان يالغۇز قەبرە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يا ئالاھىدە بىر كۈن بولمىسا، بۇنداق تاڭ سەھەردە ئا-نىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىمكىنە؟

مارىي؟!

دىئاننا ئورنىدا شىپپىدە توختىدىيۇ، يەنە ئالدىغا ئازراق چامداپ قەبرىگە قاراپ قىمىر قىلماستىن سۈكۈتتە تۇرغان زىيارەتچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

— كىمدىن قورقاتتىم؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە بىردىن ۋە يەنە قەدىمىنى يۆتكىدى، لېكىن بەش - ئون قەدەم ئالار - ئالماي يۈرىكى دۈپۈلدەپ نەپىسى تىنىقىغا يەتمەيلا قالدى...

دىئاننا قەبرىگە خېلى يېقىنلاشقۇچىلىكمۇ زىيارەتچى ئار-قىسىغا قايرىلىپ قويمىدى. ئاردا نەچچە قەدەم قالغاندىلا ئاز-دىن دىئاننا زىيارەتچىنىڭ ئانىسىنىڭ قەدىناس دوستى جوز-سون خانىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. دىئاننا ئۇنى ئانىسىنىڭ نا-مىزىدا كۆرگەن ئىدى. جونسون خانىم نىۇ يوركتا تۇرغاچقا، ئۇلار پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرالمايتتى.

دىئاننا قولىنى ئاستاغىنە ئۇنىڭ دولىسىغا قويدى.

— سىزنى كۆرگىنىمدىن بەك مەمنۇنمەن، جونسون خانىم.

جونسون خانىم هاياجان بىلەن ئارقىسىغا قايرىلدى، ئۇ-نىڭ كۆزلىرىدە ئازاب، كۆيۈنۈش، ئەندىشە، سەممىيەت ئا-رىلاش بىر نۇر بالقىيتتى...

— دىئاننا، ئوبدان تۇردۇڭمۇ قىزىم؟ — دېدى جونسون خانىم ئۇنى مەهكەم قۇچاقلاپ، — ساڭا شۇنچە تېلېفون قى-لىپ ئالالمىدىم. تېلېفونۇڭغا، مېهمانخانىغا ئۇچۇر قالدۇردۇم، مېهمانخانىدىكىلەر خېلى ياخشى بولۇپ قالغىنىڭنى ئېيت-تى، ئەمما...

— كەچۈرۈڭ جونسون خانىم، سىزگە تېلېفۇنمۇ، ئۇچۇر-مۇ قايتۇرالمىدىم، ئەمما هازىر ياخشى بولۇپ كەتتىم.

دىئاننا جونسون خانىم ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ قوي-غان سېرىق ئەتىرگۈلنى كۆرسىتىپ پىچىرلىدى:

— بەك چىرايلىق گۈلكەن...

جونسون خانىمنىڭ كۆزلىرىدىن مەمنۇنلۇق ئىپادىسى چاقنىدى.

— دىئاننا، مېنىڭ چۈشتە ئىنتايىن مۇهىم بىر يىغىنىم بار، كەچتىلا ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ. ئەگەر خوپ كۆرسەڭ،

سىنى بىرگە ئېلىپ كېتەي.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت خانىم. ئەمما بۇ يەردە بېجىرىدىغان ئىشلىرىم بار.

— مەيلى قىزىم. ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭمۇ ئۆيۈڭدۇر.

جونسۇن خانىم دىئانانىڭ ئۆزىنى زورىغا خۇشال كۆر- ستىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە "راست ياخشى بولۇپ كەت- تىڭمۇ؟" دېگەندەك ئۇنىڭغا باقتى. بۇ ئۇنسىز سوئال دىئانا- دىمۇ خۇددى شۇنداق ساداسىز "قانداقسىگە ياخشى بولۇپ كې- تەي؟" دېگەندەك چىراي ئىپادىسى پەيدا قىلدى.

— دىئانا، بىلىمەن، بۇنداق گەپنى زادى ئاڭلىغۇڭ يوق، ئەمما مېنىڭ دېگۈم كېلىدۇ، قىزىم، ئاناڭ سەندىن بەك پە- خىرلىنەتتى.

— زادى ئويلاپ باقمىغانتىم، جونسۇن خانىم، زادىلا. بۇ ئىشلار بەكلا تاسادىپىي يۈز بەردى، تۇيۇقسىزلا ھەممە ئۆزگە- رەتتۇر بولۇپ كەتتى. بەش ئاي قالغۇچە ھەممە ئىش نورمال ئىدى، ھەتتا ئاغرىپ ياتقاندىمۇ. ئانامنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى نەچچە كۈنلۈك ئۆمرى قالغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەمنىڭكىگە ئەسلا ئوخشىمايتتى. ئۆزىنى تاشلىۋەتمىدى، كۆزلىرىدىكى چاقناق نۇر يوقالمىدى، بىرەر قېتىممۇ "نېمىشقا مۇنداق بو- لىدۇ؟" دەپمۇ سورىمىدى، "نېمىشقا؟" دەپمۇ باقمىدى.

دىئانانىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن جونسون خانىم، ئۇ- نىڭغا يەتمەيمەن. ھەر تاڭدا ئويغىنىپلا ئۆزۈمدىن "نېمىشقا؟ نېمىشقا مېنىڭ ئانام؟" دېگەن ئوخشاش بىر سوئالنى تەكرار-

تەكرار سورايمەن. ئۇ ھېچكىمنىڭ ئانىسىغا ئوخشىمايتتى. ئەتراپنى يورۇتىدىغان بىر نۇر ئىدى ئۇ.

— ھەئە، شۇنداقتى، — دېدى جونسون خانىم.

— نېمىگە ھەممىدىن بەك ئازابلىنىدىغىنىمنى بىلەم-سىز، جونسون خانىم؟ مەن ئۇ نۇرغا تېخى تۇزۇك يېقىنلاش-مىغانتىم؛ ئۇنىڭ بىلەن نۇرلىنىشنى خىيالىمغا ئەكېلىپمۇ باقمىغانتىم؛ خۇددى بىر شەپەرەڭدەك بۇ نۇردىن بەدەر قاچقان ئىدىم. دەل مەندە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىغاندا، ئۇ كەتتى.

— قانداق ئۆزگىرىش؟

— مەن توساتتىن ھاياتقا ئانامدەك قارىشىم، ئۇنىڭدەك ياشىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرى، سۆزلىرى، ھاياتنىڭ ئارقىسىدىكى سىرنى يېي-شىشنى بەك ئارزۇلايتتىم. ئانامدا ناھايىتى چوڭقۇر سىرلىق بىر خەزىنە بار ئىدى، ئەپسۇس مەن ئۇنىڭغا يېتەلمىدىم.

كۆزىدە ئەستىلىك شولىلىرى جانلانغان دىئانىنا سولغۇن كۈلۈمسىرىدى.

— بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ: "تېز بول ئانا، مەندە بىر خەزىنە بار دەيتتىڭغۇ، بول، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى بەر" دەيتتىم. ئانام قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ: "سېنىڭ خەزىنەڭنىڭ ئاچقۇچى مەندە نېمە ئىش قىلسۇن، قىزىم؟ ئۇ سەندىن باشقا ھېچكىمدە يوق، ھېچكىمدە" دەيتتى.

دىئانىنا چوڭقۇر ئاھ تارتتى.

— ئاشۇ ئاچقۇچقا موھتاجمەن، جونسون خانىم. ئانامدەك ياشىسام دەيمەن، ھېچبولمىسا، ئۇنىڭ بالىسى بولۇشقا مۇنا-

سىپ بىر قىز بولۇشنى تىلەيمەن. بىلدىڭىزمۇ؟ بەزىدە تۇرۇپ ئۇنى ھايات ۋاقتىدا جىمى تاللاشلارنى ئۆزۈمنىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇۋەتمىگەن؛ خاتالىقلىرىمغا كۆز يۇممىغان؛ ئىختىيارىمغا قويۇۋەتمىگەن بولسا، بەلكى باشقا تالاي ئانىلاردەك ئۆزىنى دوراتقۇزۇش ئۈچۈن مەجبۇرلىغان بولسىمۇ بوپتىكەن دەپمۇ قالىمەن. ئانامنىڭ قىزى بولغۇم بار، جونسون خانىم، ئۇنىڭ قىزى!

جونسون خانىم كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ئۆكسۈپ بوغۇلۇپ كەتكەن دىئاننانى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ئۇھ دىئاننا، سەن ئاناڭنىڭ قىزى، پەخىرلىك قىزدىسەن، ئەزىزىم. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئوخشايسەنكى، جاھاندا يەنە بىر قىز ئانىسىغا سەنچىلىك ئوخشىيالماس. بۇنىدىن شۇبھىلەنمە. ئىككىمىز بەك جىق ھال ـ مۇڭ بولالمىدۇق، شۇڭا مېنى كۆپتۇرۇپ سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما ماڭا ئىشەن جان باغرىم، سېنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن. سېنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئاناڭ ماڭا بەك جىق گېپىڭنى قىلىپ بەرگەن.

دىئاننانىڭ خىتىلداپ ئۆكسۈشلىرى بىردىن توختىدى.

— ئانام سىزگە مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگەن؟ — دېدى ئۇ ئاجىز ئاۋازدا.

— ئۆتكەن يىلى كەشمىردىكى ئاخىرقى ساياھىتىمىزدە ئۇ سەن توغرۇلۇق بەك جىق گەپ قىلىپ بەرگەن ئىدى. دۇنيانىڭ ساڭا قانداق تار كېلىۋاتقىنىنى، قولغا كەلتۈرگەنلىرىڭنىڭ سېنى پەقەت رازى قىلالمايۋاتقىنىنى، سېنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ناخۇش يۈرۈۋاتقىنىڭنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى دىئاننا بېشىنى ئېگىپ، — ئۆتكەن بىر يىلدا ناخۇش ھالغا چۈشۈپ قالغانتىم. ئەمما بۇنى ئانام-دىن يوشۇرۇن تۇتقان، ئۇنىڭغا بىلدۈرمىدىم دەپ يۈرگەن ئىدىم. ئانامنى بىكاردىن - بىكار ئازابلاشنى خالىمايتتىم. چۈنكى كەيپسىزلىكىمنىڭ ھېچبىر ۋەج-سەۋەبى يوق ئىدى. دېمەككى، ئۇ كۆڭلۇمدىكىنى يەنىلا بىلىۋاپتىكەن - دە... — كۆزى تالغان دىئاننا، — ھېس قىلغانلىرىنى نېمىشقا ماڭا ئوچۇق دېمىدىكىنە؟ — دەپ غۇتۇلدىدى، — قانچىلىك ئازابلانغاندۇ-ھە؟!

— ئازاب؟ قىلچىلىك ئازابلانمىدى، بەلكى بۇلارنى ئېيتىد-ۋېتىپ شادلىقتىن كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— شادلىقتىن؟

— ھەئە، سىنىڭ بۇ ھالىڭدىن ئۇ ناھايىتى كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك كۆرۈنەتتى. "قىزىم، ئۆكتەبىر يامغۇرىغا تەشنا بو-لۇشقا باشلىدى" دېگەن ئىدى ئۇ ماڭا. ھەتتا كېيىنكى بىر ساياھەتكە سىنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىش ئويى بار ئىدى.

دىئاننا چۈشىنەلمىگەندەك جونسون خانىمغا قارىدى.

— ئۆكتەبىر يامغۇرى؟ ئۆكتەبىردە قىلغان ساياھىتىڭلار-نى دېمەكچىمۇ؟ سىرغا تولغان ساياھەت؟

جونسون خانىم بېشى بىلەن تەستىقلىدى.

— ھەر قېتىملىق سەپىرىگە مېنىمۇ ئېلىۋالسىكەن دەپ كېچە-كۈندۈز تىلەيتتىم. ئەمما ئانام ئۇنىمايتتى. قايتىپ كەلگىنىدە ساياھىتى توغرۇلۇق قىزىقىپ ئۇنى - بۇنى سورد-ساق "ئاڭلىدىم ۋە دەم ئالدىم" دەپلا جاۋاب بېرەتتى.

دىئاننا توختاپ جونسون خانىمغا يالۋۇرغاندەك قارىدى.

— بۇرۇن بۇ ساياھەتلەر ماڭا كۆڭۈل خۇشىلا تۇيۇلاتتى، خالاس. ئەمما بىر قانچە يىل بولدى، مەن ئانامدىكى پۈتۈن سىرنىڭ مۇشۇ ئۆكتەبىر ساياھىتىدىن كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ماڭا خۇددى مۇشۇ ھەقتە ئوبدانراق بىر نەرسە بىلەلىسەم، ئانامنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. بۇ ھەقتە پەقەت سىزلا ماڭا ياردەم بېرەلەيسىز، جونسون خانىم. سىزدىن ئۆتۈنەي، كەشمىر، رۇم، قۇددۇس، تىبەت، فەزدە نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلار توغرۇلۇق ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

جونسون خانىم بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك كۆزىنى قاچۇردى.

— ئاناڭنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ھەقىقەتەن قول قويىمەن، دىئاننا. ئۇ بەك ئوبدان دەپتۇ: "ئاڭلىدۇق ۋە دەم ئالدۇق."

دىئاننا بۇ گەپنى يەنە كوچىلاپ سوراۋېرىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشەندى.

— بولدى، چۈشەندىم. رۇخسەت قىلسىڭىز سىزدىن سورايدىغان باشقا بىر سوئالىم بار ئىدى.

— باياتىنقىدەك قىيىن بولمىسۇن، — دېدى جونسون خانىم يېنىك كۈلۈمسىرەپ.

دىئاننا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ زەئىپ بىر ئاۋازدا سورىدى:

— ئانام نەدە، جونسون خانىم؟ ئانام قەيەردە؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغىنىنى بىلگۈم بار. بۇ سوئالغا مەندىن ياخشى جاۋاب بېرەلەيدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن.

دەماللىقا بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئېسىڭدىمۇ، دىئاننا، — دېدى جونسون خانىم، — مەن ئاناڭ بىلەن ئەمدى تونۇشقان كۈنلەردە سەن ئۇنىڭدىن خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش بىر سوئالنى سورايتتىڭ "دادام نەدە؟" دەپ. سۆيۈملۈك ئاناڭمۇ ساڭا ئوخشاش بىر جاۋابنى تەكرار بېرەتتى "داداڭ خۇدانىڭ يېنىدا، قوزام" دەپ.

دىئاننا جونسون خانىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلا-ئاڭلىماي، بايا-تىن سورىغان سوئالىنىڭ ئەمەلىيەتتە مارىيىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن سوئالى ئىكەنلىكىنى سەزدى. جونسون خانىمنىڭ دادىسى توغرىسىدىكى ئىشلارنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىگەچكە، ئۇنىڭغا مارىينىڭ گېپىنى قىلماسلىق نىيىتىگە كەلدى. ئەمما سورىغان سوئالىغا جونسون خانىمنىڭ بۇنداق جاۋاب بەرگىنىگە بىر ياندىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايتتى.

— راست، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سەبىيلەرنى ئالداش ئۈچۈن "ئاناڭ خۇدانىڭ يېنىدا" دېيىشىدۇ كىشىلەر. ئەمما مەن كىچىك بالا ئەمەس، جونسون خانىم، ماڭا راست گەپ قىلىڭ. قېنى دەڭە، ئانام ئۆلدى، شۇنداقمۇ؟

— بالىلارنى ئالداش ئۈچۈن دېيىلىدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ئەمەس، دىئاننا. ئاناڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى نەدە بولغان بولسا، ھېلىھەم شۇ يەردە. خۇدانىڭ يې-نىدا.

دىئاننا ئۇنىڭغا بېشىنى ئەگدى.

جونسون خانىم ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ئەمدى ئاناڭ بىلەن سېنى بىر دەم يالغۇز قالدۇراي،

قىزىم. ئەمما ئۈنتۇما، ھەردەم يولۇڭغا قارايمەن.

دىئاننا ئۇنى قۇچاقلىدى.

ـــ ئامان بولۇڭ، جونسون خانىم. پات ئارىدا قېشىڭىزغا بارىمەن. ئاق يول بولسۇن!

# 10

دىئاننا جونسون خانىم توۋلىسا ئاڭلىمىغۇدەك يىراقلاپ كەتكەندىلا قەبرە بېشىغا يۈكۈندى. ئۇ قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىچىدە ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى:

— قەدىردان ئانا... باياتىن جونسون خانىمنىڭ نېمە دې-گىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئىشىنەمسەن، ئۇ مېنىڭ ساڭا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىمنى ئېيتتى؟ ساڭا جاھاندا يەنە بىر قىز ئا-نىسىغا ئوخشىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئوخشايمىشمەن. جونسون خانىم ناھايىتى ياخشى ئايال. ئەمما ئۇمۇ بىلمەيدىغان بەزىبىر ئىشلار بار.

تۇنۇگۇن ئاخشام مارىينىڭ خەتلىرىگە بىر قۇر كۆز يۈ-گۈرتۈپ چىقتىم، ئەمما كۆرە - كۆرمەيلا ھەممىسىنى نەدىن ئالغان بولسام شۇ يېرىگە تىقتىم. ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى كې-چىكىپ بولسىمۇ ئورۇنداي دېگەن ئىدىم، ئەمما بولمىدى. قىلال-مىدىم، ئانا. نېمىشقا دەپ سورىما، قىلالمىدىم ئىشقىلىپ.

ئەمما يەنە بىر ئىشنى بىلگۈم بار، مارىينىڭ خېتىنى ئو-قۇپ نېمىنى چۈشەنگەنلىكىڭنى سورىغۇم كېلىدۇ، ئانا. سەن-مۇ مەندەكلا تۇيغۇغا كەلگەنسەن بەلكىم. مارىينىڭ پسىخىكى-لىق كېسىلى بار، شۇنداقمۇ؟ بىلمەن، سەن ئۇنىڭ يېگانە بىر قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىڭ. بۇ مېنى ئۇنى ئىز-دەشتىن قورقىسۇن دەپلا دەپ قويغان گېپىڭ، شۇنداقمۇ؟

سەن ئېيتقان ئاشۇ "يېگانە" دېگەن گەپنى قايسى مەنىدە ئىشلەتكىنىڭنى بەكلا بىلگۈم كېلىدۇ. مېنىڭچە ئۇ "ئۇنىڭدەك قىز تېپىلماس" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما سەن بۇ يەردە ئۇ مەنىدە ئىشلەتمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ مارىينىڭ قىزىڭ بولۇش-قا مەندىن بەكرەك لايىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانسەن؟

ھەم بۇ مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. مارىي نېرۋىسىدىن ئاداشقان. ئۈچىنچى خەتنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ گۈللەرنىڭ نەپەس-تىنىقىنى سېزىشى، ھۇجرىسىدا ئەسكەن شامال، ھەممە يەرنى قاپلىغان نۇر ۋە بىر گۈل بىلەن مۇڭدىشىشى!... بۇ روھىي كېسەللىكنىڭ ئالامىتى بولماي - نېمە؟ ئېپىئېنىق ساختا سېزىم كېسىلى! بۇنى چۈشەنگۈچىلىك پسىخولوگىيە ئۆگەن-گەنمەن ئانا.

مارىينىڭ نورمال ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى خەتتە دېگەن گەپلىرىلا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇمۇ بولمى-سا، ئىككىنچى خەتتىكى چۈشىگە نېمە دەيسەن؟ سەن چۈشىگە كىرىپ "مۇنۇ باغچىغا بار، پالانچى بىلەن تونۇش، گۈللەر بى-لەن مۇڭداش" دەپتىمىشسەن، ئۇمۇ سەن دېگەن يەرگە بېرىپ-تۇ، سەن ئېيتقان ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، شۇ يەردە گۈللەر بىلەن پاراڭلىشىش-مۇڭدى-

شىشنى ئۆگىنىپتۇ... سىنىڭچە بۇلار راست بولۇشى مۇمكىن ئىشلارمۇ؟

بولدى، مارىي ئۇچۇن ئاھسىنما ئانا. ئەقلىنى يوقاتقان مەجنۇنلار ئۇچۇن بەلكى ھايات بەك ئاساندۇر. مەندىنمۇ غەم يېمە. بەلكى ئەقلىم جايىدا بولغاچقىلا ئازاب چېكىۋاتقاندىمەن؛ بەلكى سەندىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئىشەنگۇم كەلمەيۋاتقاندۇ؛ بەلكى سېنىڭدىن ئايرىلىپ تېخى ئۆزۈمگە كېلىپ بولالمىغاندىمەن... خاتىرجەم بول، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئەقلىمدىن ئاداشمايمەن، ئانا. رېئاللىقتىن قاچمايمەن. مارىيدەك ئۆزۈمگە رېئاللىقتىن ھالقىغان خىيالىي دۇنيا بەرپا قىلىۋالمايمەن. چۈنكى مەن ئالىقاچان ئەقىل كىرگەن قىز ۋە بۇ ئەقلىنى يوقاتمايمەن.

دىئاننا ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— بىر كۈنى، — دەپ قوشۇپ قويدى، — ھامان بۇ غەم-غۇسسىلەرنى پاك-پاكىز چۆرۈپ تاشلاپ ھەقىقىي سىنىڭ قىزىڭغا ئايلىنىمەن، ئانا!

# 11

دىئاننا تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپ كۈننىڭ يېرىمىدىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە نەچچە كۈننىڭ ياقى يىغىلىپ قالغان، بېجىرمىسە بولمايدىغان بانكا مۇئامىلىسى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى، جاۋاب خەت قايتۇرۇشى كېرەك ئېلخەت دېگەندەك بىرمۇنچە ئىشى بار ئىدى.

ئۇنىڭ ھېچ ئىشقا كۆڭلى تارتمايتتى. ئەمما، بۇنداق بىكاردىن ـ بىكار ئولتۇرۇۋېرىش ئۇنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ پۇشۇرۇۋېتەتتى. ئۇ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ بىردەم ھاۋا يەپ كېلىشنى ئويلىدى.
باغچا قايسى كۈندىكىدىنمۇ بەك قىزىپ كەتكەنىدى، ئۇ خىلۋەت بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋېلىپ، چايكىلارغا نان تاشلاپ بېرىۋاتقان بالىلارنى تاماشا قىلدى. قىرغاقتا ئولتۇرۇپ دېڭىزغا پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ گۈزەللىكىدىن قانغۇچە زوقلاندى.
ئۇ ئۆيگە قايتىشتا يەنە توغرا يولنى تاللاپ ماڭدى. قايسى

كۆنىدىكى گەپلىرىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ، قىرى پالچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنى ئويلىدى.

دىئاننا باشقا تىلەمچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قىرى پال-چىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. دىئاننا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋات-قاندا پالچى ئۇنىڭغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويدىيۇ، ئويلىغىنى-نىڭ ئەكسىچە ئەتراپىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلارغا قاراش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەلپازىدىن خۇددى ئالدىدىكىسى تېخى تۈنۈگۈنلا ئالدىنى توسۇپ بىرمۇنچە كا-سىلدىغان قىز ئەمەستەك، ئۇنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئىدى.

— سالام، بۈگۈن ماڭا پال سالمامسىز؟

قىرى پالچى ئۇنىڭغا خۇددى "نېمە دەيسىز؟" دەۋاتقاندەك بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بىز تونۇشامدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن!

— سەنلىكىڭنى بىلدىم. ئەمما سەن كىم؟

ئۇنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلمايۋاتقىنىنى ھېس قىلغان دى-ئاننا بېشىنى بۇراپلا دەرھال ئۇنىڭ قېشىدىن يىراقلاشتى ۋە سەل ماڭغاندىن كېيىن رەسسامغا قارىدى.

رەسسام يەنىلا رەسىم جازىسىنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ئۈس-تىدە يەنە شۇ مايكا بىلەن پادىچىلار شىمى، سىپتىلىدىغان رە-سىملىرىمۇ تۈنۈگۈنكى ئورنىدا ئىدى. سىزىۋاتقان رەسىمدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇننىڭ ئۈستىدىكى بۇژغۇنلارنىڭ سەل ئا-ۋۇپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەك چوڭ پەرقمۇ يوق ئى-دى. تۈنۈگۈنكىگە ئوخشىمايدىغىنى، رەسسام دىئاننانىڭ كەل-

گىننى بالدۇرراق تۈيۈپ نەزەرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردى.

— بۈگۈن ئەھۋالىڭىز خېلى ياخشى كۆرۈنىدىغۇ، — دېدى رەسسام.

بۈگۈن خېلى ياخشى سالام بولدى، دەپ ئويلىدى دىئاننا ئىـ. چىدە. ئەمما يەنە تۈنۈگۈن ئەھۋالىم راستتىنلا ناچار بولغىيـ. مىتتى، دېگەننىمۇ ئويلىماي تۇرالمىدى.

— رەسىملىرىمنى كۆرۈپ باقامسىز؟

— كۆزىتىشىمچە رەسىمىڭىزدە بەك چوڭ ئۆزگىرىش يوققۇ.

— سىزنىڭچە بىر دولقۇننىڭ تېخىمۇ غەزەپ بىلەن نەرە تارتىشى چوڭ ئۆزگىرىش ھېسابلانمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھېسابلىنىدۇ، — دېدى دىئاننا كۈلۈمسىرەپ، — تۈنۈگۈنكىسى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر رەسىم ئىدى. تـوۋا خۇدايىم، كىشىنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيدۇ! شامالنى ئانچىكىم كۈچەيتىپ قويۇشىڭىز بىلەن دولقۇننىڭ ئىچكى دۇنياسى تېشىغا تامامەن تېپىپ چىقىپتۇ. ھەقىقەتەن قالتىس!

— سىزگە ئوخشاشمۇ؟

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — دىئاننا ئاڭقىرالماي رەسسامغا قارىدى.

— سىزدىكى شامالمۇ ئىچىڭىزدىكىلەرنى تېشىغا ئوبدانلا تېپىپ تۇرۇپتۇ.

دىئاننا بېشىنى ئالدىغا قىيسايتتى:

— كالۋالىقىمنى كەچۈرۈڭ، چۈشەنمىدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى رەسسام، — رەسىمدىن زادى نېمىنى كۆردىڭىز؟

— باشقا رەسىملىرىڭىزدىكى چايكىنى تېخى بۇ رەسىمـ.

نىڭ كۆك بېتىگە قوندۇرماپسىز.

— ھەقىقەتەن سەزگۈركەنسىز.

— باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشىدۇ.

ئۇستىبېشى سەگگۇۋاراڭ، گەپ ـ سۆزى قوپال تۇرغان بىر ـ لەن، رەسسامنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇراتـ ـتى. دىئاننا قىزىقىپ سورىدى:

— ئوقۇۋاتامسىز؟

— ياق.

— ئوقۇشىڭىز پۈتتى؟

— ئىقتىسادتا ئوقۇغانتىم، ۋاز كەچتىم.

"نېمىشقا؟" دېگەن سوئال تېپىپ چىقتى دىئاننانىڭ يۈزىگە.

— ئىقتىسادنىڭ پىروفېسسورلىرىدىن رەسىم سىزىشنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم شۇ.

— ئوقۇشىڭىزنى داۋام ئەتكەچ رەسىم سىزىۋەرسىڭىز بولماسمىدى؟

— مەسىلە ۋاقىتتا ئەمەس، پەقەت رەسىم سىزىشتىلا ئىدـ ـدى. ھەربىر يېڭى رەسىمىمنى ئاۋۋالقىسىدىن ئاشۇرۇپ سىـ ـزىشقا تىرىشاتتىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقا رەسساملارغا ئوخشاش مەنمۇ ئىچكى دۇنيايىمنى رەسىم قەغىزىگە چۈشۈـ ـرۈشنى ئويلايتتىم. ئەمما كۈنلەر ئۆتكەنسېرى رەسىملىرىمنىڭ بارغانسېرى سولغۇن ـ مىسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. قىسقىسى، ئەڭ دەسلەپكى رەڭ ـ بوياقلىرىمنى تېـ ـپىپ قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجـ ـبۇر بولدۇم.

دىئاننا رەسسامغا "قۇت بولسۇن" دېگەن نەزەردە قارىغاچ

ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى:

— ئىسمىم دىئانا.

رەسسام ئۇنىڭ قولىنى مۇنداقلا سىقىپ قويدى.

يەنە شۇ! خۇددى ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوقتەك بىر قىلىق قىلدى رەسسام. ئۇنىڭغا ئىسمىنىمۇ ئېيتمىدى، تونۇشقىنىغا خۇشال بولغىنىنى دېيىشتىنمۇ ئېرىندى. دىئانا ھېلىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بۇ پاراڭنىڭ ئەمدى داۋاملىشىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى ۋە جىددىي بارىدىغان بىر يېرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ رەسسامدىن ئايرىلدى.

دىئانا رەسسام ھەققىدىكى بارلىق خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن رەسسامنىڭ سولغۇن رەسىملەرگە مۇناسىۋەتلىك گەپلىرى كاللىسىغا كىرىۋالدى. رەسسامنىڭ بۇرۇنقى رەڭ - بوياقلىرىنى يوقىتىۋەتكىنىنى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئانىسىنىڭ رەڭگىنى يوقاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقىنىنى چۈشەندى.

# 12

دىئاننا كۆزدىن غايىپ بولغان ھامان قىرى پالچى رەس-سامغا قول پۇلاڭلاتتى. رەسسام ئۇنىڭ بىلەن تونۇغۇن تونۇش-قان، ئۆزىنى تونۇشتۇرا - تونۇشتۇرمايلا پالچى بايىلا پال سالغان قىز توغرىسىدا بىرمۇنچە گەپ كوچىلىغان ئىدى.

— ئۆپكەڭنى باس، بالا! — دېگەن ئىدى قىرى پالچى، — خېرىدارلىرىم بىلەن ئارىمىزدا بولغان پاراڭ مەندە قالمايدۇ، ئۇچىدۇ، كېتىدۇ. ئۇقماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى ئەتە خانقىز-نىڭ ئۆزىدىن سورا. قارا شۇ ھالىڭغا، كېلىپ مەندەك ھاماقەت قېرىدىن مەدەت سوراۋاتىسەن تېخى. ياش، سەنئەتنى چۈشىنىد-دىغان، ئېھ، ھېچبولمىغاندا مەندەك كېلىشكەن قەددى - قا-مىتىڭ بار تۇرۇقلۇق، ئەمدى ئاشۇ خانقىزنى ئىلىندۇرۇشكە مېنىڭ قۇرۇق پىتنە - پاساتلىرىمغا موھتاج بولۇپ قالدىڭ-مۇ؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەل خىجىل بولغان رەسسام:

— ماڭا قارىغىنىڭىزنى كۆرۈپ، قىزىقىپ قالدىم تەبى-ئىيلا، — دېگەن ئىدى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— قىچىقىمنى كەلتۈرمە، بالا، — دېدى قېرى پالچى. — خانقىز يولنىڭ بېشىدا كۆرۈنەر - كۆرۈنمەيلا پال تېشىدەك چەكچىيىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇزايىدىن يۆتكەلمەي قادىلىپ تۇرغان جامدەك يوغان ئۇ كۆزلەر مېنىڭ ئەمەستۇ ھەرقانچە بولسىمۇ؟ پالغا زۆرۈر يوق. خانقىزنى كۆرگەن دەقىقىنىڭ ئۆ- زىدىلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش خىيالىغا چۈشكەن ئىدىڭ. ئېيتە، يالغانمۇ؟ يالغان ئېيتقان بولسام، بېشىمغا ئوق!

دەيدىغان گەپ تاپالمىغان رەسسام ئۇنى - بۇنى باھانە قى- لىپ تىلەمچىنىڭ قېشىدىن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە گەپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا رەسسامنىڭ كۆزى يەتكەن ئىدى.

ئەمما مانا ئەمدى بۇ قېرى پالچى ئۇنىڭغا دوستانە كۈ- لۈمسىرىگىنىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. رەسسامنىڭ كاللىسىدىن "دېئانىنا توغرۇلۇق دەيدىغان گەپ چىققان ئوخ- شىمامدۇ؟" دېگەن خىيال كېزىپ ئۆتتى. رەسسام بۇ ئاخشام ئۇنىڭغا مېھمان بولۇپ تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى.

# 13

رەسسام جېنىنىڭ توڭلاتقۇسىدىن ئالغان بىر بوتۇلكا مېۋە سۈيىنى پالاسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. پالچى تۇنۇگۈن ئۇنى قېشىغا قۇرۇق قول كەلمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان، ھەتتا خې-رىدارلىرىنى قاچۇرۇپ، سودىسىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۇ-چۈن باغچىدا ئادەم سېلىككەندە ئاندىن قېشىغا كېلىشنى تا-پىلىغان ئىدى.

— ئەتراپمۇ تىنچىپ قالدى، ئەمدى مېھماننى قوبۇل قىلارسىز ھەرھالدا؟

— تولا گەپ سورىمايدىغانلار ئۈچۈن ئىشىكىم ھەر زامان ئوچۇق.

— بولدى، بولدى. سوئال سوراپ بېشىڭىزنى ئاغرىتماي-مەن بۇ قېتىم. ئەمما شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ، ئۇ قىزنىڭ بۇ-گۈنمۇ ئايلىنىشقا چىقىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ پال سالدىڭىزمۇ؟ باشتا دەپ قوياي جۇمۇ، مەندە تۆت دوللار يوق.

— مەن پالغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى پالچى، — كىشى-لەر كەلگۈسىنى بىلىشكە قىزىقىشىدۇ، قانداق قىلاي، مەنمۇ

دەپ بېرىمەن. "سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي، ياشاپ بېقىلىڭ، ئاندىن كۆرۈڭ" دەيمۇ؟

— نېمە؟ پال سالالايمەن دەپ خەقلەرنى كولدۇرلىتىۋاتامايدىغانسىز؟

— ئېغىزىڭىغا بېقىپ گەپ قىل، بالا. مەن بىر دۇرۇس ئادەممەن، ئۆز ئىشىمغا ئىخلاس ـ ھۆرمىتىم بار. "پال" پەقەت بىر ھۇنەرنىڭ ئىسمى؛ كۆرۈشكا، سۇ دېگەنلەر بۇ ئىشقا بىر باھانە، خالاس. كىنولاردىكى پالچىلاردەك بۇ ئىشىمىزنىمۇ ياساپ ـ تاراپ كۆرسىتىش كېرەك ـ تە. دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى توغرا چىقسا، ئىشىمىزدا ئاز ـ تولا ھەييارلىق بولمىسا ساڭا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. دېدىمغۇ، پال پەقەتلا ئىشنىڭ ئىسمى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قىلىدىغىنىم كەلگەن خېرىدارنىڭ چىرايىنى سىنچىلاپ كۆزىتىش. ھەممە نەرسە دەل شۇ يەردە.

— قانداقسىگە؟

— مەسىلەن، تۈنۈگۈن سەن بىلەن پاراڭلاشقان خانقىزنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ نېمىنى كۆردۇم بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ رەسىملىرىڭنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى. سۇپ ـ كۆچ، قاراپ تۇر، ئۇ ئۇزاققا قالماي رەسىملىرىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە كېلىدۇ. ئال، مانا بۇ ساڭا پال، ئالدىن بېشارەت!

— ئايلىنىشقا مېنى دەپلا چىقتى دېمەيدىغانسەن؟

قېرى پالچى مۇرىسىنى قىستى:

— ئۇ خانقىزنىڭ ئوي ـ خىيالىنى مەن نەدىن بىلەي؟ پىسخولوگقا ئوخشامدىكەنمەن ـ يا؟ مەن سەۋەبىنى ئەمەس، نەتىجىنى بىلىمەن. بولدى، ئەمدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ پارىڭىنى قىل. خانقىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى ئايان

بولدى، ئەمما سەن كىمسەن، كىم ئەمەسسەن، ئېيت قېنى. نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە ماڭدىڭ؟ ئۆزايىڭدىنىغۇ بىر سەيياھقا ئوخشاپ تۇرسەن.

ــ سانتىئاگودىن كېلىشىم. دېڭىز ساھىلى بويلاپ رەسىم سىزىپ كېلىۋاتىمەن. ئاشۇ رەسىم پۈتۈن بىر ياز داۋاملىشىدىغان رەسىم سىزىش پىلانىمىنىڭ مۇقەددىمىسى. ئەسلىدىكى پىلانىمدا ئۈنى تۈنۈگۈن پۈتكۈزۈپ، بۈگۈن 30 مىل نېرىدىكى ئىككىنچى بېكەتكە يېتىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما... قالدىسىنى سىزمۇ بىلىسىز.

ــ خانقىزنى كۆرۈپ رەسىم پۈتمەي قالدى، شۇنداقمۇ؟ ئاھ، قوغلىشىش نەقەدەر شېرىن ـ ھە! لېكىن مەيلى قوغلا ياكى قوغلان، يېقىنلاشتىڭمۇ، ئىشقا ئاندىن دەرد ـ ھەسرەت ئارىلىشىشقا باشلايدۇ. خوپ، ياخشى بوپتۇ، بالا، ياخشى بوپتۇ. رەسىمىڭنى ئۆزاقراق سىز ئەمدى.

پالچى بىر كۈنلۈك تاپاۋىتى تاشلىنىدىغان كورۇشكىدىكى تۆمۈر تەڭگىلەرنى پالاس ئۈستىگە تاشلىدى. كورۇشكىغا مېۋە سۈيى توشقۇزۇپ رەسسامنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۆزى بوتۇلكىدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى.

ــ سىلەرنىڭ سانتىئاگودا تىلەمچىلىك قانداقراق؟

ــ ئىشەنسىڭىز، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن... يەنە كېلىپ "بىزنىڭ سانتىئاگو"مۇ دېيەلمەيمەن. چۈنكى تېگىم نيۇ يوركتىن، بىر مەزگىللىك ھاياتىم بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتتى. كېيىن ئوقۇشنى تاشلاپ سانتىئاگودا بىر دوستۇمنىڭ يېنىدا تۇردۇم.

ــ مۇنداق دە. چوڭلار ئوقۇش تاشلىشىڭغا نېمە دېدى؟

بىلىشىمچە، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزسە جىق پۇل تاپقىلى بو-لىدىغۇ.

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوبدان بولغاچقا مەندىن ماددىي جەھەتتىن بىر نەرسە كۈتمەيتتى. ئەمما ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى — مېنىڭ يارامىلىق بانكىر بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئوقۇۋاتقىنىم خارۋارد بولغاچقىمۇ، مەكتەپتىن چېكىنىشىم ئۇلارغا بەك ئېغىر كەلدى. ئەمما مەندە باشقا ئا-مال يوق، مەن رەسىم سىزىشىم كېرەك.

— خارۋارد؟ ۋاي خۇدايىم! بىلگەنتىم بۇنى. خانقىزغا بۇنى دېدىڭ شۇنداقمۇ؟

— ياق.

رەسسامغا خېلىغىچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاراپ قالغان پالچى:

— بالا، ئۈچ خىل ئېھتىماللىق بار، — دېدى سوزۇپ، — بىرىنچىدىن دۆتسەن؛ ئىككىنچىدىن ھاماقەتسەن؛ ئۈچىنچىدىن خانقىزغا مەيلىڭ يوق. تاللا بىرنى.

رەسسام كۈلدى.

— خەق، ساتالمايدىغان ئىككى-ئۈچ پارچە رەسىمنى ساقلاپ ياتىدىغان بىر قاغدالما، دەپ بىلسۇن دەمسەن ئۆزۈڭ-نى؟ ئۇنىڭغا كىم ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارىلىمامسەن، بالا! سەن دېمىسەڭ، سېنىڭ كىملىكىڭنى ئۇ قانداق بىلىدۇ؟

— بىلمىدىم. خارۋاردتا ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ماڭا باشقىچە نەزەردە قارىشىنى خالىمايمەن. ئاخىرىدا ئۆزۈمدىن تاشقىرى بىر نەرسە ئۈچۈن سۆيۈلۈپ جازاغا قالغۇم يوق.

— نېمە؟ كىم كىمنى نېمىشقا سۆيىدۇ ۋە كىمنى جازاغا

قويىدۇ؟

— ناۋادا مېنى خارۋاردتا ئوقۇغىنىم ئۈچۈنلا سۆيىدىغان بولسا، بولدى، سۆيمەيلا قويسۇن ياخشىسى. چۈنكى مەن — ئوقۇش تارىخى ئەمەس، ئەقىل - پاراسەت ئەمەس، ئىش - كەسىپ ئەمەس، مۇناسىۋەت ئەمەس... بۇ نەرسىلەرنىڭ يىغىندا - جۇغلانمىسى ئېخىمۇ ئەمەس.

— سەن كىم ئەمىسە؟

— مەن پەقەت مەنمەن، پەقەت ئۆزۈملا.

— كەل، بالا، گېپىمنى ئاڭلا: كۆرسەت!!! چېچىنىڭ ئۇستىگە ئاپتاپ توسار كۆزەينەك تاقىۋالغان خانقىزنىڭ جەلپكارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىشەنگىن، "خارۋارد" دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. "خارۋارد! ئۇنى دېگىن - دە، ئىشنى پۈتكۈز.

رەسسام بېشىنى قاماللىدى:

— ياق، بۇ بەك قاراملىق... سېنىڭدىن يارامىلىق تالانت ئىگىلىرى ھەر قاچان چىقىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما سېنىڭ ئوخشىشىڭدىن بۇ ئالەمدە يەنە بىرى يوق. بىلىسەنغۇ، ھەممە ئادەمنىڭ بارماق ئىزى ئوخشىمايدۇ. مەن بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىمۇ ئاشۇنداق بارماق ئىزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمەن. مودا پەلەي كىيىپ يۈگەيدىغىنىمىز پەقەتلا بىر ئىز خالاس...

— ئاي، بىچارە بالا. يەنە شۇ پەلەينىڭ گېپىنى باشلىدى مانا...

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېگىنىچە كۈلدى رەسسام.

— خوش، ئۇنداقتا ئۇ خانقىزدىن نېمە كۈتىسەن؟

— بىلمەيمەن، راستتىنلا ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ئەتە ئۇ يەنە كېلەرمۇ؟

— مېنى كەچۈر بالا. نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلـمەيدىغان گۆدەككە تۆت دوللارلىق ئىشنى بىكىرىغا قىلىپ بېرەلمەيمەن.

رەسسام كۈلدى.

— سەن شۇنىڭغا ھەقلىقسەن بەلكى.

ئارىنى باسقان بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن رەسسام سائىدـتىگە قاراپ:

— مەن ئەمدى كەتسەم بولارمىكىن، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— ھەر كېتىشنىڭ بىر كېلىشى بار، — دېدى قېرى پالچى، — كېيىنكى قېتىمدا شوخلا شەربىتى ئەكەل. قارىمۇچمۇ بىرگە بولسۇن.

رەسىملىرىنى جىپقا ئورۇنلاشتۇرغان رەسسام يۇلتۇزلارنى بىر دەم تاماشا قىلىش ئۈچۈن يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا قىيسايدى. تۈپتۈز سوزۇلۇپ دېڭىزغا چۈشكەن ئاي نۇرى ئوچۇق دېڭىزدا تۈز كەتكەن كەڭ، يورۇق بىر يول ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇ گۈزەل مەنزىرىگە كۆزى تالغۇچە قاراپ تۇرغان رەسسام، ئەپتىدىن ئۆزى ئىزدەۋاتقان نۇرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بىر قىزغا قانداقسىگە مۇنچىلىك باغلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى.

# 14

ئۇزۇن، مەقسەت ـ نىشانسىز ئۆتكەن بىر كۈن ئاياغلاش-تى، دىئاننا تېخىچە ئانىسىنىڭ سۈرىتىگە ئەيىبكارانە نەزەردە قاراپ تۇراتتى.

ــ ئانا... مۇبادا نىيىتىمدىن يېنىپ، مارىينى ئىزدەشكە چۈشسەم ئەھۋالدا قانداق ئۆزگىرىش بولار؟ سېنىڭچە ئۇنىڭغا گۈللەر بىلەن سىردىشىشنى ئۆگەتكەن ئاشۇ بىر ئايالنىڭ ئىسمىغا تايىنىپ مارىينى تاپالارمىزمۇ؟

دىئاننا ئۇلۇغ تىندى.

ــ مىڭ چاقىرىملاپ يول بېسىپ، ئۇ ساراي تۇرۇشلۇق يەرگە باردىم؛ سارايىنىڭ قېشىدىكى ئۇ ئايالنىڭ مېھمانخانى-سىنىمۇ تاپتىم دەيلى، سېنىڭچە ئۇ ئايال ھازىرمۇ ھاياتمىدۇ؟ ھاياتمۇ دەيلى، نەچچە يىل ئاۋۋال مېھمانخانىسىغا كەلگەن چەت ئەللىك بىر قىز ئېسىدە تۇرارمۇ؟ ئۇنىڭغا گۈللەر بىلەن سىردىشىشنى ئۆگەتكىنىنى ئەسلىيەلەرمۇ؟ بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى بىزگە ئايانغۇ ئانا؟!

ــ بوپتۇ، مارىينى ئېسىگە ئالدىمۇ دەيلى، بۇ نېمىنى چۈ-

شەندۇرىدۇ؟ ئۇ خوتۇن مارىينىڭ نەدىلىكىنى قانداق بىلسۇن؟

ئۇنىڭدىنغۇ سىپايىلىك بىلەن سورارمەن: "كەچۈرۈڭ خانىم، نەچچە يىللار ئاۋۋال مېھمانخانىڭىزدا ساياھەتچى بىر قىز تۇرغان. ئىسمى مارىي، سىز گۈللەر بىلەن سىردىشىشنى ئۆگەتكەن بىر خانقىز. خاپا بولماي ئۇنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن."

ئۇ ئايال بۇنى ئاڭلاپ قانداق جاۋاب قايتۇرار، ئانا. بەك بولسا، دەسلەپتە ماڭا كۈلۈپ تەبەسسۇم قىلار، ئەمما كېيىندىن بۇ سوئالنى مېھمانخانا خادىملىرى، ھەتتا مېھمانلاردىنمۇ ئالا قويماي سوراۋەرگىنىمنى كۆرۈپ، مېنى ئەدەپ بىلەن، مېھمانخانىدىن كەت، دەر، بەلكىم. ئۇنىڭغا مارىينىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگۈچە ھېچ يەرگە بارمايدىغانلىقىمنى دېسەم، مېنى زورلاپ تاشقىرىغا چىقىرىۋېتەلمىگەچكە، كونسۇلخانىغا خەۋەر قىلار. ئەمما مەن بولدى قىلمايمەن. مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەنمۇ سائەتلەپ جېدەل قىلىپ، ئۇلاردىنمۇ سورارمەن: "مارىي نەدە؟ مارىي قەيەردە؟ مارىي قايسى يەردە؟"

خوش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئۇلار بەلكىم مېنىڭ ئەقلىمدىن ئازغانلىقىمغا تەن بېرىشىپ، قولۇمغا بىر دىئاگنوز قەغىزى تۇتقۇزۇپ، تۇنجى ئايروپىلاندا مېنى دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇۋېتەر. ئايروپىلاننىڭ قونۇشىنى ساقلاپ تۇرغان ئاق كىيىملىك ئادەملەر، قولۇمدىن قاماللىغىنىچە مېنى ئەڭ يېقىن يەردىكى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ مېڭىشار.

مانا بۇ ئوبدان بولغىنى. چۈنكى دەل ئەنە شۇ يەردىن مارىينى تاپالايمەن، ئانا!

# 15

رەسسامغا شەھەردىكى ئېگىز بويلۇق، قوڭۇر چاچلىق قىزلارنىڭ جىمىسى باغچىغا توپلانغاندەك ۋە يىراقتىن ھەممىسى دىئانناغا ئوخشايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن سەل يېقىنلاشتىمۇ ئۇلارنىڭ نېرىدىن ئۇز كۆرۈنگەن گۈزەللىكلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى ـ دە، رەسسامغا يەنە شۇ ئاچچىق خىياللا قېپقالاتتى.

رەسسام ئىككى كۈنىنىڭ ياقى ھەركۈنى كەچلىكى مۇشۇ يەردە دىئاننانى ساقلىدى، ئەمما ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئەسلىي پىلانىنىڭ، ئۆزىگە خوپ كېلەر دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان بىر قىز تۇپەيلى ئاقساپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلەتتىيۇ، لېكىن يەنە بۇ يەردىن كېتەلمەيتتى.

مۇھەببەتتىكى سىناق، مەغلۇبىيەتلەر ئۇنىڭ چىن مۇھەببەتكە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقاچقىمۇ، رەسسام ھېچكىمگە باغلانماي ياشاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەربىر يېڭى باشلىنىشنىڭ يەنە يېڭى بىر جۇدالىق ئەكېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە ئاخىرى تەنھا ياشاشنى ئىرادە قىلغان ئىدى.

ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ ھەربىر ئايرىلىشنى يەنە بىر يېڭى باغلىنىشنىڭ تەييارلىقى دەپ چۈشىنەتتى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇنى ھېچنېمىدىن مەھرۇم قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، رەسسام ئاخىرلاشقان بىر مۇناسىۋەتنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ۋەيرانچىلىقنىڭ كېيىنكى يەنە بىر مۇناسىۋەتكىمۇ دەز كەتكۈزىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ يەردە دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى: مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆپىنچە ئادەم مۇناسىۋەتنى بۇزۇلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچى، دەپ ئويلىۋالاتتى. خۇددى ئۆزىلا سۆيگىنى ئۇچۇن ھەممە نېمىسىنى بېغىشلاپ، قارشى تەرەپ ھېچ ئىش قىلمىغاندەك.

ئۇچ يىل ئاۋۋال، ئاخىرقى قىز دوستى بىلەن ئايرىلىپ كېتىدىغان چاغدا، ھەر ئىككىسى مۇشۇنداق ئوخشاش تۇيغۇدا بولغان ۋە بۇنى بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە سېلىشقان ئىدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە بۇ گادىرماچ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىشقا تىرىشتىيۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرلاشقان بىر مۇناسىۋەتتە قانداقسىگە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان، دەپ ئويلىۋالىدۇ؟

رەسسام بۇنىڭ جاۋابىنى نىھايەت بىر كۈنى بىر جۈپ چايكىنىڭ پەرۋازىنى كۆزىتىۋېتىپ تاپتى.

رەسسام ئۇ كۈنى رەسىم جازىسىنى ئۆيىنىڭ سەل نېرىسىدىكى بىر تىك قىياغا قادىغان ئىدى. ئۇ رەسىمگە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلگەن بىر ئەسنادا، يېنىدىنلا كۆتۈرۈلگەن بىر چايكىنىڭ دېڭىزغا ئوقتەك تىك شۇڭغۇشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا قارشى قىيادىن يەنە بىر

چايكا كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئۇخشاش يۆنىلىشكە قاراپ شىددەت بىلەن پەسلىگىلى تۇردى. ھەر ئىككىسى سۇغا ئۇرۇلۇشقا قىلدەك ئارىلىق قالغاندا، دېيىشىپ قويغاندەك كۆككە قاراپ تىك ئۆرلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قاناتلىرى بىلەن باغاشلىغاندەك بولدى ـ دە، بايا ئۇچقان قىيادىنمۇ ھالقىپ، چەكسىز كۆك بېتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

بۇ ئىككى چايكىنىڭ پەرۋازىنى كۆزىتىۋېتىپ رەسسام ئۆزىچە بىر خۇلاسە چىقاردى:

بىرلىشىش ئۈچۈن ئايرىلىش كېرەك.

لېكىن كۆپىنچە ئادەم يېڭى مۇناسىۋەتكە كونا رىشتە بىلەن كىرىپ كېلەتتى. ئۆتمۈشتىن قالغىنى مەيلى ئىشەنمەسلىك ياكى چۈشەنمەسلىك ۋە ياكى مۇستەھكەم مۇداپىئە تېمى بولسۇن، ھەممىسى يېڭى مۇناسىۋەتنىڭ يېڭىچە، ئەركىن داۋاملىشىشى ئۈچۈن پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. بەلكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىم دەپ قارىشى توغرىدۇر، ئەمما ئۇۋالچىلىققا قويغىنى قارشى تەرەپ ئەمەس، بەلكى ئۇلار تاشلىۋەتمەي سۆرەپ يۈرگەن "ئۆتمۈش" ئىكەنلىكىنى خىيالىغا ئەكىلىپمۇ باقماسلىقى مۇمكىن.

ئەمما ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى قىيادىن بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۇچقان بۇ ئىككى چايكا بىر ـ بىرىنىڭ "ئۆتمۈش"لىرىنى كەينىگە چۆرۈپ تاشلىيالىغان؛ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن نۆل ھېسابلىنىدىغان يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا تۆۋەنلەپ تۇرۇپ بۇرۇنقى كەچمىشلىرىدىن پاكلانغان؛ ۋە شۇندا "بىر" بولۇپ كۆككە قاراپ تىك ئۆرلىيەلىگەن ئىدى.

رەسسام شۇنىڭدىن باشلاپ چايكىنى سىزىشنى ئادەت قى-

لىشۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ چايكىسى ئەمدى تەنها قانات قېقىشتىن زېرىككەن، جۈپتى بىلەن دېڭىزغا قاراپ تەڭ شۇڭغۇيدىغان كۈنگە تەقەززا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بەلكى بۈنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان قىيا بۇ يەردە ئەمەستۇ، ئەمما ئۇ يەنە ھېچ-يەرگە كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئەتراپنى ئايلىنىپ پىرقىراپ يۈرگىنى يۈرگەن...

ئالەم قاراڭغۇلۇققا پاتتى، رەسسام دېئاننىڭ بۈگۈن كەچمۇ ساھىلغا كەلمەيدىغانلىقىغا تەن بەردى.

# 16

دىئاننا يېرىم سائەتتە بىر ـ ئىككى قېتىم ئويغىنىپ بەك تولا چۈش كۆردى. ئۇ خىرە ـ شىرە ئېسىدە قالغان ساراي، گۈللۈك باغچىغا ئائىت چۈش ئۈزۈندىلىرىنى ئۇلاشقا خېلى ئۇرۇنۇپ باقتىيۇ، قولىدىن كەلمىدى. ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەندىكىن ھېچبولمىسا ئۇنىڭدىن بىرەر مەنە چىقىرىپ كۆرمەكچى بولۇۋېدى، ئۇنىمۇ قىلالمىدى.

دىئاننا ئازراق بولسىمۇ ھاۋالىنسام ياكى رەسسام بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭلاشسام زېھنىم ئېچىلىپ قالار، دېگەن خىيالدا ئورنىدىن تۇرۇپ تەنھەرىكەت كىيىمىنى كىيدى.

پالاسىنىڭ ئۈستىدە تىلەمچى ئەمەس، بەگدەك ئەلپازدا گىدىيىپ ئولتۇرغان قېرى پالچى دىئاننانىڭ قارىسىنى كۆرەر ـ كۆرمەي چېچىلىپ ياتقان تەڭگىلىرىنى ساناشقا چۈشتى. بۇ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ بۈگۈنمۇ دىئاننانى كۆرمەسكە سېلىۋالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. دىئاننا ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇنىڭدىن ئايدىڭلاشتۇرىدىغان ئىشىمۇ يوق ئىدى.

رەسسام بۇرۇنقى يېرىدە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

دىئاننا ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىۋېتىپ:

— بۈگۈن رەڭلىرىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى. ئۆزىڭىزچۇ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەرھالدا يامان ئەمەس ... ئەپەندىم.

— جون ياكى ماسىئاستىن بىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

— ئىسمىڭىز ئىككىمۇ؟

— خاراكتېر ئىككى.

— يەنى؟

— ماسىئاسنىڭ بۇ دۇنيادا قالغۇسى بار، جوننىڭ ئۇچۇپ كەتكۈسى.

— يا... نەگە ئۇچۇپ كېتەر ئەمدى؟

— بىلمەيمەن، بۇ ئالەمنىڭ نېرىسىغىمىكىن دەيمەن.

— ماسىئاس دېگەن ئىسمنى بۇ تەرەپلەردە جىق قويمايدۇ.

— باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشىدۇ، — دېدى ماسىئاس دىئاننانىڭ بىر چاغدا دېگەن گېپىنى تەكرارلاپ.

دىئاننا يەڭگىل كۈلۈپ، كۆزىنى چايكا سىزىلمىغاچقا تېخى پۈتمىگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان رەسىمگە ئاغدۇردى. رەسىم توغىرۇلۇق بىرەر نەرسە دەي دېگەن ئىدى، كاللىسىغا ھېچنېمە كەلمىدى.

دىئاننانىڭ گەپ قىلمىغانلىقى ۋە بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىدىغاندەك قىلىپ تۇرۇشى ماسىئاسنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. دىئاننا بىلەن ئۇبدانراق تونۇشمەن دەپ ئەسلىي پىلانىنى ئاقساتقانىڭ ئۈستىگە، ماسىئاس نەچچە كۈندىن بېرى مۇنچىسىنىڭ سۇيى مۇزدەك، تەرەت تۇڭى بۇزۇق، كارىۋىتى تار ۋە قاتتىق، ناھايىتى ئەبگا بىر ياتاقتا يېتىشقا مەجبۇر بولۇۋا-

تاتتى.

ــ ھىم... كۆرۈۋاتقىنىڭىزدەك بۈگۈن ئىلھامىنىڭمۇ تايىنى يوق. قارشى تەرەپتىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ بىر دەم قەھۋە ئىچكەچ سەگىدەپ كەلسەك ... مەن بىلەن بىرگە بارالارسىزمۇ؟

دىئاننا خېلىغىچە گەپ قىلماي تۇرغاندىن كېيىن، "قانداق بولسا مەيلى" دېگەندەك بىر قىياپەتتە:

ــ ئەسلىدىغۇ بولاتتى، ــ دەپ جاۋاب بەردى، ــ مەنمۇ ئازراق دەم ئالسام يامان بولماس.

ماسىئاس قولىدىكى ئىنچىكە ساپلىق پەلكۈچنى يانغا تاشلىدى:

ــ ئوبدان گەپ، ماقۇل ئەمىسە.

قەھۋەخانىغا يېقىنلاشقاندىلا ماسىئاس ئويلىغىنىدىنمۇ قىممەت يەرگە كەلگەنلىكىنى بايقىدى.

# 17

ئۇلار ئۇستەللىرى نەپىس خۇرۇم بىلەن قاپلانغان؛ تاملىرىغا خىرە نۇر چۇشۇرۇپ تۇرىدىغان چىراغ ئورنىتىلغان؛ ئوت ئۆچۈرگۈچلىرىمۇ مىستىن ياسالغان؛ تۆمۈر ئورۇندۇقتا قونۇۋېلىپ 15 دوللارغا بىر كورۇشكا قەھۋە ئىچىش ئۇچۈن خېرىدارلار ئۆچۈرەتتە تۇرىدىغان بىر يەرگە كىرگەن ئىدى. ئىچىدە ئادەم لىق ئىدى.

ماسئاسىنىڭ سان فرانسىسكودا يۈز يىل ياشاپ قالسىمۇ بۇ يەرگە كېلىش بەلكى ئەقلىگە كەلمەستى. ئەپسۇس، باغچىنىڭ ئەتراپىدا بۇنىڭدىن باشقا قەھۋەخانا يوق ئىدى.

ئۇلار دېرىزىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بىر دەمدە:

— سىزلەرگە نېمە لازىمكىن؟ — دېگىنىچە يېنىدا ئۈنۈپ بولدى مۇلازىم ئىنگلىزچە تەلەپپۇز ئارىلاش.

ئۇلار مۇلازىمغا ئەسپرېسسو[1] بىلەن ھۆلبە تەملىك سۇزمە قەھۋە بۇيرۇپ ئۇنى يېنىدىن كەتكۈزدى.

---

[1] ئەسپرېسسو — ئىتالىيە قەھۋەسى

— كىشىگە تازا ئىلهام بېغىشلايدىغان يەر ئىكەنىغۇ بۇ!
— دېدى ماسىئاس.

— هە، ئىلهام... مەنمۇ بۇرۇن رەسىم سىزاتتىم، ئەمما راستىنى ئېيتسام، ئىلهام پەرىسى دېگەن نەرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. رەسسامنى رەسىم سىزغۇچىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغىنى شۇ بولسا كېرەك.

— مەن ئىلهامنى زۆرۈر دەپ قارىمايمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— مەن ئۇچۇن ئىلهام بىر تەجرىبىدۇر. ئۇ رەسىمنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى رەسىمنى سىزىش جەريانىمدا بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. بەزى رەسىملەر ئىككى كۈندىلا پۈتىدۇ، بەزىلىرىنى ئىككى يىلدىمۇ "پۈتتى" دېيەلمەيمەن. قارىسىڭىز ئارىسىدا بەك چوڭ پەرقمۇ يوق بولمىسا.

— توغرا، مەن سىزدىن سورىماقچى ئىدىم: نېمىشقا ھەدېسىلا دېڭىزنى سىزىسىز، باشقا رەسىم سىزمامسىز؟

— ياق، پات يېقىندا باشقا رەسىم سىزىش ئويۇم يوق. بوران-چاپقۇنلۇق بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈرگەندىن باشلاپ تا هازىرغىچە دېڭىزلا سىزىۋاتىمەن.

— قانداق ئىش بولغىنىنى سورىسام بولامدۇ؟

— ناھايىتى مۇرەككەپ... ئىش بىرەيلەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ جىددىي بۇزۇلۇشىدىن باشلاندى. بەزىدە تۇرۇپلا ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، پارە - پارە قىلىۋەتكۈم، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېنىمغا يېقىنلاشقانلارنى كالتەكلەپ سۈر - توقاي قىلىپ قوغلىغۇم كەلسە؛ بەزى كۈنلىرى تۇرۇپلا شۈكلەپ قالاتتىم، ھۇجرامدىن

سىرتقا چىققۇمۇ كەلمەيتتى. ئاخىرى، مەن ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ تۇرغان "دولقۇن"لىرىمنى چىڭ تارتىلغان رەختكە — روھىي ھالىتىمنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان دېڭىز-نىڭ رەسىمى شەكلىدە تۆكۈش نىيىتىگە كەلدىم.

— ئۇنداقتا چايكىچۇ؟

— بۇ بەك ئۇزۇن ھېكايە، ئاڭلاشنى خالامسىزكىن؟

— ئاڭلايمەن.

ماسىئاس، "دېمىسەم بولماسمۇ" دېگەندەك مەنىدە قارىدى دىئاننىغا. ئەمما دىئانانىڭ قەتئىي قاراشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى چايكىنىڭ پەرۋازى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ماسىئاس تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمىسىمۇ، دىئاننا ئۇنىڭ رەسىملىرىدىكى تەنھا چايكىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىنى ئۆزى چىقىرىۋالالايتتى.

مۇلازىم ئۇستەلگە قەھۋەلەرنى ئېھتىيات بىلەن قويدى.

— باشقا بۇيرۇتمىلىرىڭلار بارمىكىن؟

ھەر ئىككىسى باشقا نەرسە بۇيرۇتمايدىغانلىقىنى ئىشارە قىلدى.

— ھېلىھەم دېڭىز سىزىۋېتىپسىز، بوران - چاپقۇن تې-خى توختىمىدىمۇ؟

— توختىسۇن، توختىمىسۇن، ئەمدى تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىشنى، يەنى ئۆزۈمنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى سىزىشنى ياقتۇرىدىغانلىقىمنى بايقىدىم.

تېخى بايىلا پەقەت دېڭىزنىڭ رەسىمىنىلا سىزىدىغانلىقى-نى ئېيتقان ماسىئوس ئەمدى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر-نى سىزىشنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋاتاتتى. دىئاننا

ئۇنىڭغا "يەنى قانداقسىگە؟" دېگەندەك نەزەر سالدى.

— يەنى، ئوخشاش بىر ساھىلىنىڭ رەسىمىنى قايتا - قايتا سىزىۋېرىپ، ئاخىرى بىز ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارىغان نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ كۆپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەسىلەن دېڭىز!

شۇ ھامان ماسئاسنىڭ دېڭىز بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقنى تىلغا ئالغانلىقى ئېسىگە كەلگەن دىئاننا:

— يەنى، سىزنىڭ ئۆزگىرىشىڭىزدەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئادەملەرنىڭكىدەك... ھەر كۈنى سەھەردە ئەينەككە قارىغىنىمىزدا ئوخشاش بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. دوستلار نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆزئارا ئۇچراشقاندىمۇ بىر - بىرىگە ئۆزگەرمىگەندەك تۇيۇلىدۇ.

— توغرا، — دېدى دىئاننا، — ئۆزگەرگەن دېسەكمۇ ئېغىرلىق ياكى چاچ پاسونى دېگەنلەرنى ئۆزگىرىپتۇ دەپ بىلىمىز.

— دۇرۇس. نۇرغۇن ئادەم كۆز ئالدىدىكىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان باشقىچە، يېپيېڭى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. مەن شەخسەن بىر ئادەمنىڭ نەچچە كۈندە باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۆزىنى قانداقسىگە ئۆزگەرتىپ تاشلىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن دىئاننا بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

ماسئاس ئۇنىڭ بىلىكىگە يەڭگىل تۇرتۇپ:

— كەچۈرۈڭ، — دېدى، — خاتا گەپ قىلىپ قويدۇممۇ؟

— يا...ياق، گېپىڭىز باشقا بىر ئىشنى يادىمغا سالدى،

خالاس.

رەسسام جەينىكنىڭ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىرەپ ئۇنىڭغا بېشىنى يېقىنلاشتۇردى.

— نېمە بولغىنىنى دەپ بەرگۈڭىز يوقمۇ؟

— كېيىن...

شۇ ئارىدا يېنىدا پەيدا بولغان مۇلازىم يەنە بىرەر نەرسە لازىم ياكى لازىم ئەمەسلىكىنى سورىدى. دىئاننا ماسىئاسقا قارىدى.

— سىز نېمە يەيسىز؟ مەن شاكىلاتلىق پېچىنە يەي.

— ياخشى گەپ. مەنمۇ شاكىلاتلىق پېچىنە يەي.

— كەچۈرىسىز ئەپەندىم، — دېدى مۇلازىم خىجىل بولغان قىياپەتتە، — تېخى بايا بىر مېھمىنىمىزغا پېچىنە بۇيرۇت-قاندا، پەقەت ئىككىلا شاكىلاتلىق پېچىنە قالغىنىنى كۆرگەن-تىم. يەنى سىزلەرگە بىرسىلا قالدى، بولمىسا بىرىڭلارغا شا-كىلاتلىق پېچىنە، يەنە بىرىڭلارغا ھۆلبىلىك پېچىنە بەرسەم قانداق دەيسىلەركىن؟

ھەر ئىككىسى "مەيلى، شۇنداق بولسۇن" دېگەندەك بېشى-نى لىڭشىتىشتى.

# 18

پىچىنىلەر تېخىچە كەلمىدى، ئەمما قىزغىن سۆھبەت بى-
لەن بولۇپ كەتكەچكىمۇ، ھەر ئىككىسى بۇنىڭغا ئېرەنشىپ
كەتمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ماسىئاس شاكىلاتلىق پېچە-
نىنىڭ باشقا ئۇستەلگە كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يەنىلا
مۇلازىمىنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشنى ئويلاپ تۇراتتى، شۇ
ئەسنادا مۇلازىم بىرىگە ھۆلبىلىك پېچىنە، يەنە بىرىگە شا-
كىلاتلىق پېچىنە سېلىنغان ئىككى تەخسىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ
كەلدى.

دىئاننا ھۆلبە پېچىنىدىن بىر چىشلەم يەۋېتىپ:

— ئۇنداقتا مەقسىتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ماسى-
ئاستىن، — رەسىم سىزىشتىكى.

— بىرلا مەقسىتىم بار، يەنى رەسىم سىزىش.

— مېنىڭچە مەقسەت كېلەچەكنى كۆرسىتىدىغۇ دەيمەن.

— ھىم، كېلەچەك... — دەپ غۇدۇڭشىدى ماسىئاس، —
مەن ياقتۇرىدىغان مۇنداق بىر گەپ بار: ۋاقىت توختاۋسىز
ئالغا قاراپلا ماڭىدىكەن، بىز شەيدا بولغان "كېلەچەك" ئەمە-

لىيەتتە قول تەگمىگەن "ئۆتمۈش"تىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.
شاكىلاتلىق پېچىنىدىن تۇنجى لوقمىنى چىشلىگەن ما-
سىئاس دىئاننانىڭ بۇنىڭغا بىر ئەر شەرھ بېرىدىغان - بەرمەي-
دىغانلىقىغا زەن سېلىۋاتاتتى.

دىئاننا بىر هازا ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن:

— يەنى سىز دېمەكچىكى، — دېدى، — كېلەچەكتىكى
بىر كۈن ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈن ئۈچۈن ئۆتمۈش ھېسابلى-
نار... ئۇ كېيىنكى كۈنمۇ كەلگۈسىدىكىسىگە نىسبەتەندۇر.
چۈنكى ۋاقىت ئالغا قاراپ ماڭىدۇ، "كېلەچەك" دەپ قارىۋالغان
كۈن ئەمەلىيەتتە كېچىككەن "ئۆتمۈش"، هازىرقى ۋاقىتنىڭ
قولى تەگمىگەن "ئۆتمۈش"تۇر. قانداق؟ توغرا چۈشىنىپتىمەن-
مۇ؟

— بۇنچىلىك ياخشى چۈشەندۈرەلەيدىغان ئادەمنى تېخى
ئۇچراتمىغان ئىدىم.

— مېنىڭچە بۇلار ناھايىتى پەلسەپىۋى گەپلەر، ئۇنىڭ ئەمە-
لىي تۇرمۇشتا ئۇنچىۋالا ئەھمىيىتى بولماسلىقى مۇمكىن.

— مەن پەقەت سوئالغا جاۋاب بېرىشكىلا ئۇرۇندۇم. قىس-
قىسى، مەن مەقسىتىمنى بىردىنبىر مەۋجۇت بولغان ۋاقىت-
نىڭ دەل ئۆزىدە، يەنى "هازىر"دا ئىشقا ئاشۇرۇشنىلا ئويلاي-
مەن. شۇڭىمۇ پەقەت رەسىم سىزىشنىلا ئۆزۈمگە مەقسەت قى-
لىپ تاللىۋالدىم.

— ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىڭىزمۇ باردۇ؟

— ئەلۋەتتە بىر پىلانىم بار. سان فرانسىسكودىن سانتى-
ئاگودىكى چېغىمدا تۇرغان كىچىك كەنتكىچە سوزۇلغان دې-
ڭىز ساھىلىنى بويلاپ رەسىم سىزىپ چىقىشنى پىلانلاۋاتى-

مەن. يازنىڭ ئاخىرىدا رەسىم سىزغان جايلارنىڭ بىرىدە كۆزگەزمە ئۆتكۈزىمەن.

دېمەك ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەس ئىكەن ـ دە. دىئاننا بۇنى بۇرۇنلا قىياس قىلىپ بولغان ئىدى. ئەمما ماسىئاسنىڭ خۇد ـ دى ناتونۇش بىر يەر توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندەك "سان فرانسىسكودىن سانتىئاگودىكى چېغىمدا تۇرغان كىچىك كەنت ـ كىچە" دەپ ئېتىبارسىزلا ئۆتۈپ كېتىشى دىئاننانىڭ قەلبىدە ئۇ ـ نىڭغا تولىمۇ تونۇش بىر تۇيغۇنى ئويغاتتى: تەنھالىق!

ــ ۋە ھەتتا، ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماسىئاس دى ـ ئاننانىڭ خىياللىرىنى كېسىپ، ــ كۆرگەزمىنىڭ ئىسمىنى ـ مۇ پىلانلاپ قويدۇم: "كالىفورنىيەنىڭ ئۆزگىرىشچان ساھىللى ـ رى."

ــ چىرايلىق ئىسىم بوپتۇ.

ــ ئەمما بۇ پىلاننى ئۆز ۋاقتىدا تاماملىيالامدىم ـ يوق، بىلمەيمەن. ماڭا نامەلۇم نۇرغۇن ئىشلار تۇرۇپتۇ: پىلاننى تاماملىيالىسام، كۆرگەزمە ئاچىدىغان پۇل غەملىيەلەرمەنمۇ؟ پۇل غەملىيەلىسەم، كۆرگەزمە ئۇچۇن مۇۋاپىق يەر تاپالارمەن ـ مۇ؟ يەر تاپسام، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىنى ئالالار ـ مەنمۇ؟ ئۇنىمۇ ئالدىمۇ دەيلى، كۆرگەزمىنى زادى زۆرۈر دەپ ھېس قىلارمەنمۇ؟ شۇنداق ھېس قىلسام، ئەھمىيىتى بولارمۇ؟ ئەھمىيىتى بولسا نېمە بولماقچى؟ ھەممە ئىشنى مەن ئويلى ـ غاندەك بولدىمۇ دەيلى، شۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولالارمەنمۇ؟ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈممۇ دەي، ئۇ قانچىلىك داۋاملىشار؟ ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتىمۇ دەي، بۇ بەختنىڭ قولىدىن كەتمەس ـ لىكىنى توسۇپ قالالارمەنمۇ؟ قالدىمۇ دەي، بۇ بەختنى يوقى ـ

تىپ قويماسلىقتىن ئىبارەت غەم ـ ئەندىشىنى كاللامدىن نېرى قىلالامدىمەن؟ ماڭا نامەلۇم ئىشلارنى تىزغىنلى تۇرسام مانا شۇنداق تىزىلىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭىمۇ مەقسىتىم پەقەت رەسىم سىزىشلا، باشقىسىنى ئويلىغۇم يوق.

— كۆرگەزمە ئاچسىڭىز، نەدە ئېچىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— هازىرچە ئېنىق ئەمەس، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك رەسىمنى نەدە سىزالىسام كۆرگەزمىنى شۇ يەردە ئاچىمەن دەپ نىيەت قىلغانتىم.

بۇ چاغدا هەر ئىككىسى بىردىن پېچىنىنى يەپ بولغان ئىدى. دىئاننانىڭ تەخسىسىدە شاكىلاتلىق، ماسىئاسنىڭ تەخسىسىدە هۆلبىلىك پېچىنىدىن بىردىن قالغان ئىدى. پېچىنىنە يېيىش ئۇسۇلىدىكى پەرق دىئاننانىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەڭ ئامراق پېچىنىنى دىئاننا كېيىنىگە قالدۇرغان، ماسىئاس بولسا باشتا يەۋەتكەن ئىدى.

دىئاننا سۆز نۆۋىتى مەندە دەپ چۈشەندى ۋە تەخسىسىدىكى شاكىلاتلىق پېچىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭ، — دېدى، — مانا بۇ پېچىنىدىن مېنىڭ كېلەچەككە قانچىلىك تەلپۈنىدىغانلىقىمنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق، ئۆزۈم ئەڭ ئامراق تاماقنى ئاخىرىدا يېيىشكە ساقلايمەن. ئەمما نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە، قورسىقىم تويۇپ قالغاندەك بولىمەن. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى مانا.

— دېمەككى يېيەلمىگۈدەك دەرىجىدە تويۇپسىز. شاكىلاتلىق پېچىنىمۇ قول تەگمىگەن "ئۆتمۈش" پېتى قالدىمۇ ئەمدى؟

ھەر ئىككىسى كۆلۈمسىرىگىنىچە، كۆزلىرىنى ئېلىپ قې-
چىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغۇچە بىر - بىرىگە بېقىشتى.
بەش سېكونتقىمۇ يەتمەيدىغان بۇ بېقىش ھەر ئىككىسىگە بەش
سائەتلىك سۆھبەتكىمۇ سىغمىغۇدەك مەزمۇنلارنى يەتكۈزدى.
دىئاننا سائىتىگە قارىدى:
— بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ.
ماسىئاس مۇلازىمغا ھېسابات قىلىشنى ئېيتتى.
— دىئاننا، قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى، ئەمما ئى-
چىڭىزنى سىققان ئىشلار توغرۇلۇق ئاز - تولا سۆزلەپ بېرەي
دېسىڭىز، مەن ھەرقاچان ئاڭلاشقا تەييار.
دىئاننا كۆزىنى بىردەم نېرىدىكى بوشلۇققا تىكىپ تۇ-
رۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى رۇسلاپ بۇ بەش ئاي داۋامىدا
باسقان قارا چۈشلەرنى قىسقىچە سۆزلەشكە باشلىدى. ماسى-
ئاس ھېچقانداق گەپ قىستۇرماستىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن
دىئانانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. "كەچۈرۈڭ" دېيەلىدى ئا-
خىرىدا، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دېيىشنىمۇ بىلمەيتتى.
— مېنى ئەڭ ئېغىر ئازابلىغىنى ئانامنىڭ كېتىپ قې-
لىشى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دىئاننا، — بۇ كىشىنى
ئانىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشتىنمۇ بەك ئازابلايدىكەن.
كاشكى ئۇ بىر يەرلەردە ھايات ياشىسىلا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى-
غىچە ئانامنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىسەممۇ، ئۇنىڭ خۇش ئاۋازى-
نى ئاڭلىيالمىساممۇ مەيلىتى ئەمەسمۇ...
ماسىئاس دىئانانىڭ كۆزلىرىنىڭ لىق ياشقا تولغانلىقىنى
تۇيدى.
— دىئاننا، — دېدى ئۇ يېنىك چاقىرىپ، — مەن سىز-

نىڭ ئورنىڭىزدا ئەمەسمەن، شۇڭا سىزنىڭ تارتىۋاتقان قايغۇ - ئازابىڭىزنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى مەن ھەرقانچە قىلسام ھېس قىلالماسلىقىم مۇمكىن. ھەر نېمە دېسەممۇ ئۇ ئازابىڭىزنى تۈگىتەلمەس. بەلكى سىزنىڭكىگە ئوخشىماس، ئەمما مەنمۇ مومامدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىمدا ناھايىتى ئازابلانغان، بۇنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغان ئىدىم. دەل شۇ كۈنلەردە، بىر كىتابتىن قىسقىغىنە بىر ھېكايە ئوقۇپ قالدىم، ماڭا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى...

دىئانىنا ئانىسىنىڭ ھېكايە سۆزلەپ بېرىشلىرىنى ئەسلىدى ۋە بىر نەچچە تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشتى.

— سۆزلەڭ، ئاڭلىغۇم بار.

ماسىئاس سۆزلەشكە باشلىدى:

— دېڭىزدا قۇياش ۋە شاماللارنىڭ ئىللىق تەپتىدە شادخۇرام قىيغىتىپ كېتىۋاتقان بىر دولقۇن بار ئىكەن. ئۇ ئەتراپىغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر سالغىنىچە قارشى قىرغاققا قاراپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئالدىدىكى دولقۇنلارنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى قىيالارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ پارە-پارە بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى بايقاپ قاپتۇ. دولقۇن شۇنىڭ بىلەن "يا خۇدا! مېنىڭمۇ ئاقىۋىتىم شۇلارنىڭكىدەك بولارمۇ؟ بىردەمدىن كېيىن مەنمۇ يوق بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟" دېگىنىچە يىغىنى باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر دولقۇن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: "نېمە بولدى ساڭا؟ نېمە ئىش كۆڭلۈڭنى مۇنچىۋالا ئەزدى؟ قۇياش، شامال، چايكىلارغا قارىغىنا، ھاۋا قانچىلىك گۈزەل - ھە!" دولقۇن ئۇنىڭغا جاۋاب

بېرىپ دەپتۇ: "ئالدىمىزدىكى دولقۇنلارنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ھەممىسى قىياغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، پاجىئەلىك ھالدا كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇزاقتا قالماي بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولىمىز." "ياق، خاتالىشىۋاتىسەن، — دەپتۇ يەنە بىر دولقۇن، — سەن ئايرىم بىر دولقۇن ئەمەس، مۇشۇ دېڭىزنىڭ بىر قىسمىسەن."

ھېكايە ۋە ماسىئاسنىڭ كۆزلىرىدىكى سەمىمىيەت دىئانانىڭ كۆڭلىگە خېلى تەسكىن بەردى. ئۇنىڭ توساتتىن ماسىئاسنىڭ ئۇستەلدىكى قولىنى تۇتقۇسى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، پەقەت ئىللىق قاراشتا ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. شۇ ئارىدا مۇلازىم ھېساباتنى كۆتۈرۈپ كەلدى، دىئانا تۆلىمەك بولۇۋېدى، ماسىئاس:

— بولدى، سىزنى مەن تەكلىپ قىلغان، — دېدى.

باغچىغا كەلگەندە دىئانا توساتتىن قېرى پالچىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. "ساڭا ئوخشايدىغان'ئۇ' قىز، — دېگەن ئىدى پالچى، — ئاشۇ رەسسام بىلەن ئۇچرىشىدۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە." دىئانا بۇلارنى ماسىئاسقا ئېيتىپ، "ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مارىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز، ئۇنى مەن دەپ قالماڭ" دەپ قوياي دېدىيۇ، لېكىن ئارىغا دىۋانە پالچىنى قىستۇرغۇسى كەلمەي بولدى قىلدى.

رەسىم جازىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، دىئانا ماسىئاسقا قولىنى ئۇزاتتى:

— ناھايىتى مەنىلىك ئاخشام بولدى ماسىئاس، ياكى جون. رەھمەت...

— رەھمەت ئېيتىدىغىنى مەن.

دىئاننانىڭ ئۇنىڭدىن سان فرانسىسكودىن قاچان ئايرىلى- دىغانلىقىنى سورىغۇسى، ئۆزىنى نېرىدىكى مېھمانخانىدىنلا تا- پالايدىغانلىقىنى دېگۈسى، ھەتتا ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ناچار ياتاقتىن قۇتۇلدۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ھېچقايسى- سىنى دېيەلمەي ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

## 19

دىئاننا رەسىمخانىسىدىن چۈشكەندە تۈن تەڭگە ئۇلاشقان ئىدى. ئۇ ئۇستىبېشىغا يۇقۇپ قالغان ئالا ـ بۇلىماچ بوياقلار ـ نى سۈرتمەيلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. تەخمىن قىلغىنىدەك كىرلىكلىرى بويىلىپ كەتتى. ”دېڭىز رەسىمىنىڭ بەدىلى“ دەپ ئويلىدى دىئاننا.

ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ بويىلىپ كېتىشى رەسىمنىڭ تېـ ـمىسىدىكى ئەمەس، بەلكى ئۇسۇلىدىكى گەپ ئىدى. ئۇ بۇرۇن رەسىم دەرسلىرىدە ئۆگەنگەن جىمى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە لورىنا ماككېنىتنىڭ مىستىك مېلودىيەسى ياڭرايتتى، سىقىپ چىقىرىۋالغان بىر قۇتا كۆك بوياقنى ئىككى قولىدىـ ـكى پەلكۈچ بىلەن رەسىم تاختىسىغا خالىغانچە سۈركەيتتى، سىزاتتى، ئۇياقتىن ـ بۇياققا قالايمىقان يۇگۇرتەتتى.

شۇنچە ئۇزۇندىن كېيىن رەسىم پەلكۈچىنى قولىغا قايتا ئېلىشى ئۇ ماسىئاسىنىڭ ئىلھامىدىن دەپ چۈشەندى. ماسىـ ـئاس سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ قىسقا ھېكايە ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ ھاياجاننى يوقىتىۋېتىشنى

خالىمايتتى، مۇشۇ كەيپتە بىرەر ئىش قىلىپ ئانىسىنى خۇش قىلىشنى ئىستەيتتى.

دىئانىنا ئۇستەل چىرىغىنىڭ ئالدىدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ مارىينىڭ ئىككىنچى خېتىنى قايتا ئوقۇشقا باشلىدى:

## ئىككىنچى خەت باغچىدىكى يول

*قەدىرلىك ئانا:*

*كىچىك چاغلىرىمدا، "باشقىلار" غا قارىماستىن، سېنى ئىزدەپ تېپىش خىيالىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەي يۈرەتتىم. ئەمما كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ مېنى باشقا بىرىگە ئايلاندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقى كۈچەيـ. گەنسېرى، ئۆزۈمنى شۇنچە ئاجىز، بىقۇۋۇل ھېس قىلاتتىم.*

*شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى چۈشۈمدە ئۆ- زۈمنى پايانسىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن كىچىك بىر قېيىقتا كۆردۈم. ئۈستۈمدە سۈتتەك ئاپپاق ئۇخلاش كىيىمى، بېشىمدا سارغۇچ شىلەپە بارمىش. دېڭىزدا ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، سۈزۈك ئىمىش، لېكىن قې- يىقتا يا يەلكەن، يا پالاق دەيدىغان نېمە يوقمىش. نې- مە قىلارىمنى بىلەلمەي چارىسىز تېپىرلاپ تۇرغىـ- نىمدا، كۆل رەڭ بولۇتلارنىڭ كەينىدىن ئاۋازىڭ كەلدى:*

*— مارىي، قېشىمغا كەل!*

*— ئانا، سەن قېنى؟*

— سەن مەندىن ئايرىلمىدىڭ، مەن سەن بىلەن بىللە.

— ئەمىسە سېنى نېمىشقا كۆرەلمەيمەن، ئانا؟

— چۈنكى سەن مەن بىلەن ئەمەس.

— ئۇنداقتا قانداق قىلسام سەن بىلەن بىرگە بولالايمەن؟

— مېنى ئۆزۈڭدە كۆر.

— بۇنى قىلالمايمەن.

— ئۇنداقتا ھەدىيەلىرىمدىن كۆر مېنى.

دەل شۇ چاغدا قۇلاقنى ياڭ قىلغۇدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن بىر سادا بىلەن كۆك يېرىلىپ، نۇردىن بولغان بىر قول چىقىپ كەلدى ۋە بېشىمدىكى شىلەپەمنى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا ئاق گۈللەردىن تىزىلغان بىر تاج كىيدۈردى. قول، سېنىڭ قولۇڭ ئىدى، ئانا. تاج بولسا بۇگۈنگىچە مەن ئېرىشكەن ئەڭ گۈزەل ھەدىيە ئىدى.

خىيالىمچە سۇدا ئەكسىلەنگەن تاجىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ قاپتىمەن. تۇيۇقسىز شىددەتلىك بوران-چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، قىيىق ھېلىلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئىككى تەرەپكە لەپەڭشىپ كۈچلۈك تەۋرىنىشكە باشلىدى. مەن "ئانا، ياردەم قىل" دەپ يىغلىغىنىمچە قىيىققا چىڭ چاپلىشىپ ۋارقىرىغۇدەكمىشمەن. ئۇزاققا قالماي بوران توختاپ، دېڭىز تىنچىپ، يامغۇر يېغىپتىمىش...

ئالەم تىنچىپ سۇغا قايتا قارىغىنىمدا بېشىمدى-

كى تاج كۆرۈنمەسمىش. ماڭا تەئەللۇق ھەممە نەرسە غايىپ بولغاندەك تۇيۇلدى. مەن سۆيۈپ تارتىلغان قۇپ-قۇرۇق بىر دېڭىز ئىدىم، قاناتسىز قۇش، ئېقىنسىز دەريا، پۇراقسىز گۈل ئىدىم... ئەمما نېمىلا بولسۇن مەن بىر دېڭىزمەن، دەريامەن، قۇشمەن، گۈلمەن. مەن تاجىمنى تېپىشىم كېرەك!

كۆزۈم ئىلىشەلەيدىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم. قېيىقنى تەكشۈردۈم. يوق. دېڭىزغا، ئارالغا، كۆككە كۆز تىكتىم سىندىچىلاپ، ئەمما تاپالمىدىم.

ساڭا نىدا قىلدىم:

— ئانا، جېنىم ئانا! تاجىم نەدە؟

— بېشىڭنى ئالدىغا ئەگ، مارىي.

دېگىنىڭنى قىلا-قىلماي، سۇدىكى ئەكسىمدە تاجنىڭ بېشىمنىڭ كەينى تەرىپىگە سىيرىلىپ ئۆتۈپ قالغىنىنى كۆردۈم. سەن سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ، ئەمما ئەمدى ئاۋازىڭ كۆكتىن ئەمەس، تاجىمدىكى گۈللەردىن كېلىۋاتاتتى:

— مارىي، جېنىم بالام. يوقاتتىم دەپ، ئۆزۈڭدە بارنى سىرتتىن ئىزدىمە.

شۇ ئەسنادا دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر ساراي كۆتۈرۈلدى. سارايىنىڭ قېشىدا رەڭگارەڭ گۈل-لەر باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چىقىپ تۇرغان، بۇل-بۇللارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بىر باغچا بار ئىدى. ئاۋاز داۋاملاشتى:

— ئاۋازىمنى ئاڭلاي دېسەڭ، باغچىدىكى يولدا يۈر، باغۋەنىنىڭ قولىنى تۇت ۋە گۈللەرگە قۇلاق سال.

— ئۇ يەر بەك يىراقكەن ئانا، ئارىمىزدا دېڭىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىلمەيمەن.

— قورقما، مېڭىپلا بەر. ئۈستۈڭدىكى يۈكلەرىڭنى تاشلىۋەتسەڭ، سۇ سېنى كۆتۈرىدۇ.

— مەندە يۈك يوق ئانا.

— سۇنىڭ سېنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكىڭنىڭ ئۆزىلا سەندە يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ، مارىي. ئەمدى ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلا ۋە يولغا چىق.

— باغچىدىكى يول نەگە بارىدۇ، ئانا؟

— مېنىڭ قېشىمغا.

— دېمەك سەن بىلەن بۇ ئالەمدە دىدارلىشالايدىكەنمەن-دە؟

— شۇنداق، مۇشۇ دۇنيادا!

بۇ چۈش ئېسىمدىن پەقەتلا چىقمايدۇ. بارا-بارا ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى خىيال قىلىدىغان بولدۇم. بۇ چۈشتىن ئۈچ يىل كېيىن، بىر دوستۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ساياھەتكە چىققىنىمىزدا بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئارقىسىدىكى باغچا تۇيۇقسىز دىققىتىمنى تارتتى. مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى توپكاپى[1] سارىيى چۈشۈمدىكى سارايغا قو-

[1] توپكاپى سارىيى — 600 يىلغا سوزۇلغان ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ 400 يىلىدا سۇلتانلىقنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى ۋە سۇلتان ئوردىسى بولۇپ كەلگەن ساراي، ئىستانبۇلنىڭ سارايبۇرن رايونىدا.

*يۈپ قويغاندەك ئوخشايتتى. باغچا بىلەن سارايىنى كۆ-رۈپلا مەن ئىزدەۋاتقان جايىنىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. خاتالاشمىغان ئىدىم.*

*مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى زەينەپ خانىم تامامەن باشقىچە ئادەم، يەنى مەن ساقلاۋاتقان "بىلىدىغان بى-رى"، ماڭا سېنىڭ ئاۋازىڭنى ھېس قىلدۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا داچىدا كۈنلەپ ھەمراھ بولدى، باغچىسىدا ئاجايىپ ئۆزگىچە سەيلىگە چىللىدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ماڭا گۈللەرنىڭ ساداسىغا قۇلاق سې-لىشنى ئۆگەتتى. شۇ كۈنلەردە قەلبىمگە تېرىلغان ئۇرۇقنىڭ شاراپىتىدە، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۆ-يۈمدە، بىر گۈلنىڭ ماڭا پىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدىم.*

*سەپىرىمنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، يەنى گۈللەر بىلەن سىرداشلىقنى كېيىنكى خېتىمدە بايان قى-لىشنى تىلەپ،*

*قىزىڭ مارىي*
*22 - فېۋرال*

دىئانىنىڭ بۇ خەتنى تۈنجى قېتىم ئوقۇۋاتقىنى يوق، ئەمما بۇ قېتىم كۆڭلىدە قانداقتۇر ئىلمىلىق سەزدى ۋە قوشكېزەك ئاچىسىنىڭ ھاياتىنى قانداقسىگە ئانىسىنى تې-پىشقىلا ئاتىۋەتكىنىنى، ئانىسىغا بولغان سېغىنىش ھېسسى-ياتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى، ئانىسىنى تېپىشقا بولغان بوشاشماس ئىرادە - ئارزۇسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

توغرا، بەلكى مارىي خىيال دۇنياسىغا بەكلا چوڭقۇر چۆ-

كۆپ كەتكەندۇ؛ بىشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى ئەمەس، بىشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارنى يازغاندۇ بەلكى خېتىدە؛ ۋە بەلكى مارىي ئەقلىدىن ئازغاندۇ ياكى خىيالپەرەس بىر بەندىگە ئايلىنىپ قالغاندۇ... ئەمما قىلچە شۈبھە سىغماس پاكىت شۇكى: مارىي ئانىسىغا ئامراق ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، دىئاننا قىلالمىغان ئىشنى ئۇ قىلغان — شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئانىسىنى ئۆز قەلبىدە هايات ياشىتىپ كەلگەن ئىدى.

مانا ئەمدى، مارىي ئانىسى بىلەن ئاخىرى دىدارى مۇلاقات بولىدىغانلىقىنى پەملەۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان ئىدى. بەلكى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىزدۇ مارىي. يا بەلكى ئانىسىنىڭ نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرىنىڭ قالغىنىنى بىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەندۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تېزراق جەم بولۇش ئويىدا...

ئانىسى ئۇنىڭغا چۈشىدە "بۇ دۇنيا"دا جەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى... لېكىن ئۇ قۇرغان چۈشلەر دۇنياسى بۇ سۆزنى خاتا، دەپ تۇراتتى. مارىي ئانىسىنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيتتى.

— خۇددى مەندەك، — دەپ ئويلىدى دىئاننا.

# 20

رەسسام رەسىمنى تۈن تەڭدە پۈتكۈزدى. تاڭ ئېتىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ تېخىچە كېچىدىن بېرى جاۋابىنى تاپالماي كەلگەن بىر مەسىلە بىلەن ئېتىشىپ ئاۋارە ئىدى.

— كۆرگەزمىنىڭ نامىنى «سان فرانسىسكو ساھىللىرى»غا ئالماشتۇرايمۇ ـ قانداق؟

دېڭىز بۇ ساھىلدىمۇ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئۇ يېزىچە يېقىن ئەتراپتىن بىرەر ئۆينى ئىجارە ئېلىپ، پۈتۈن رەسىملىرىنى مۇشۇ يەردە سىزسىمۇ بولاتتى. بۇغۇ كۆڭۈلگە شەكسىز ياقىدىغان ئىش، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئىلھامغا تولغان بىر يازنى دەپلا ئايىغى چىقماس مۇھەببەت تورىغا كىرىپ قالغۇسى يوق ئىدى.

رەسسام جىپنىڭ توڭلاتقۇسىدىن ئىككى بوتۇلكا كولا چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تېخىچە كۈندۈزدىكى مەشغۇلات ھالىتىچە ئولتۇرغان قىرى پالچىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— خامۇش كۆرۈنىسەنغۇ بالا، كەل بۇ يەرگە!

قىرى پالچى رەسسام ئۇزاتقان كولانى ئالغاچ سۆزلىدى:
— بۇ قاق پودا كولادىن باشقا بىر نېمە ئۇچرىمىدىمۇ؟ ساڭا "شوخلا شەربىتى ئەكەل" دېمىگەنمىتىم؟
— سىز باشقىلارنىڭ چىرايىنى كۆزىتىشكە ئۇستىلىقىڭىزنى ئېيتقان ئىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق دېگەن بولسام دېگەندىمەن. ئەمما ساڭا باشتىلا دېدىم، ھەقسىز كۆرمەيمەن، بالا.
— باياتىن "قانداق قىزنى ئىزدەيمەن" دېگەن تېمىدا ئون ماددىلىق بىر شەرت تۈزگەنتىم، بىلەمسىز، ئۇ ئىككىنچى ماددىدىن توققۇزىنچى ماددىغىچە تامامەن مۇناسىپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ماڭا بۇ ئۇنچىۋالا خۇشاللىق تۇيۇلمىدى.
— سېنىڭ ئۇ شەرت - پەرتلىرىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم، ھەي بالا، نېمە گېپىڭ بار، شۇنى دېگىنە؟
— شەرتتىكى بىرىنچى ماددا ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېرەمسىزكىن دېگەنتىم، بۇ ماددا مەن ئۇچۇن قېپقالغان بارلىق ماددىلارنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ مۇھىم.
— دە، قانداق ماددا ئىدى ئۇ؟
— يۈزىدە نۇر پارلاپ تۇرۇشى كېرەك.
— يا، قانداق نۇر ئەمدى بۇ؟
— بۇندىن بۇرۇن ھېچكىمدە كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما كۆرۈشۈم بىلەن تونۇيالايدىغان بىر نۇر. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ يۈزىدە بۇ نۇر يوق.
— بۇ نۇر نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟
— بۇ نۇر روھىي ھەمراھىمنى تاپقىنىمغا بەلگىدۇر.
— روھ؟ ھەمراھ؟ گەپ ئويناتما، بالا، نەق گېپىڭنى دې-

مەمسەن.

رەسسام دىلشىزنى ئىشارەت قىلدى:

— دىلشىزغا، ئاشۇ ئوخشاش نەرسىگە ھەر كۆنى مىڭلاپ ئادەم قارايدۇ، نەزەر سالىدۇ. كۆپىنچە ئادەم ئۇ يەردىن دىلشىزنىلا كۆرىدۇ، ئەمما بەزىلەر ئۇ يەردىن باشقا بىر نەرسىنى كۆرۈشى مۇمكىن. ئەجەبا تا بۈگۈنگىچە ھېچكىم ئۇ يەردىن كۆيۈۋاتقان قۇملۇقنى ياكى بىرەر قاقاس تاغنى كۆرۈپ باقمىغانمىدۇ؟

— ماڭا بۇنداق گەپ قىلما، بالا.

— ناۋادا كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەن بۇ يەردە بىر چۆل كۆرگىنىمنى ياكى بىر چۆلدىن بۇ دىلشىزنى كۆرگىنىمنى سۆزلىسەم ماڭا ئىشىنىدىغان ئادەم چىقارمۇ؟

— يەنە شۇ گەپ، ئەمدى بولدى قىل. مەن قىبرى چالنى قىيناۋەرمە.

— مەن دېمەكچى بولغان ”روھىي ھەمراھىم“ پۈتۈن دۇنيا مېنى يالغانچىغا چىقارغاندىمۇ يەنىلا ماڭا ئىشىنەلەيدىغان، ھەتتا ماڭا مەن كۆرەلمەيدىغان قۇم دۆۋىلىرىنى، مەن پەرق ئېتەلمەيدىغان دىلشىز قولتۇقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەمدۇر.

— ھەي، ھەي، بولدى، بولدى! — دېدى ياشانغان پالچى قولىنى چالۋاقاپ سىلكىپ، — بالا، ھازىردىن باشلاپ ئەمدى قىلغان گېپىڭدىنمۇ پۇل ئالمىسام بولمىغۇدەك، ئېسىڭدە تۇت، رۇخسەتسىز قىلغان بىر ئېغىز گېپىڭ بىر دوللار.

— نېمە؟ — دېدى رەسسام كۈلۈپ سېلىپ.

— ساڭا دەيدىغىنىم شۇ، بالا، ئوبدان ئاڭلا: كۆڭلۈڭگە

ئالما، مېنىڭ چىراي كۆزىتىپ پال سېلىشىم بىلەن سىنىڭ خانقىزنىڭ چېھرىدىن ئىزدەۋاتقان ئۇ نۇرۇڭنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. چېھىر - چىرايدىن نۇر كۆرۈشنى شۇنچە ئاسان چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ مەن قىرى بۇ ئۆمرۈمدە پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ يۈزىدە نۇر كۆرگەنمەن. جو، قىرىندىشىم جونىڭ يۈزىدىن نۇر كۆردۇم، ئاپپاق، يوپيورۇق نۇر دېگىنە! 1962-يىلى، قارا كادىلاك، يىپيېڭى، مەرۋايىتتەك ۋالىلداپ پارقىراپ تۇراتتى. مەن ئىشىككە يېقىنلاشقاندا، جو بىر تەرەپتە قاراپ تۇراتتى. ھەممە ئىش نورمال، جايىدا ئىدى. ئەمما شۇ ئارىدا قانداقتۇر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىغاندەك قىلدىم. دەرھال جوغا قارىدىمۇ، كۆزۈم قامىشىپ ئاچالمايلا قالدىم. ساقچىنىڭ 500 ۋاتلىق لامپىسى بىر يەردە قالسۇن، جونىڭ يۈزى ۋال - ۋال يېنىپ كەتكەن، ئاپتاپتەك، قارا مەرۋايىتتەك... ئاناڭنى، ئىشقىلىپ نۇرغا تولۇپ كەتكەن ئىدى.

رەسسام كۈلۈمسىرىدى.

— نېمە دېسەڭ دە بالا! ئېيتە، كېتەمسەن، قالامسەن؟

— مۇشۇ چاغقىچە بۇ يەردە نېمىشقا تۇرغانلىقىمنى تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ تەۋسىيەلىرىڭىزگە موھتاجمەن. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، مۇبادا كەتسەم، قايتىپ كەلمەسلىكىم مۇمكىن، — رەسسام سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشقا قەدەم ئېلىش ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. ھەقىقەتەن يەتكۈچە ئەخمىقانىلىق قىلدىم. باشتىلا بىلەتتىم، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. پو ئاتتىم، ئۇنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم، ئۇنىڭغا كەچمىشلىرىمنى سۆزلىدىم ۋە ئۇنىمۇ چۈشىنىشكە تىرىشتىم. ئەڭ چاتىقى ئۇ-

نى تەسىرلەندۈرۈش غەرىزىدە بولدۇم. ئەسلىدە بۇ ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەمما بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى ئۇ-نىڭغا ئىغىز ئاچماستىنلا بۇ يەردىن كېتەي دەۋاتىمەن. دەڭە، قانداق قىلاي؟

— كەت!

— قېشىڭىزدىنمۇ ياكى بۇ شەھەردىنمۇ؟

— بىلىدىغان نەرسەڭنى مەندىن سورىما، بالا. ماڭا باق-ساڭ قال، ئۆزۈڭگە باقساڭ كەت! مەن يەڭگىل ياشا دەيمەن، خانقىزغا يېقىنلاش، ئۇنىڭ دۇنياسىغا كىر، ئۇنى چۈشەن، ئۇ-نىڭ بىلەن بەختىڭنى تاپ. لېكىن سەن هامان كېتىسەن. ئۆ-زۈڭنى قىلىشقا قايىل قىلالماي قېشىمغا كەلگەنسەن. سەن با-يا قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرماستىنلا چىرايىڭدىن كېتىدىغانلى-قىڭنى بىلىپ بولغان ئىدىم. چىرايىغا قاراپ پال سېلىش دېگەن مانا شۇ، بالا. ئىككى بوتۇلكا كولا توققۇز لىرا دېگەن گەپ. دېمەك، كۆردۈك، دۇرۇس ئادەممەن، ئۆز ئىشىمنى قەدىرلەش-نى بىلىمەن.

رەسسام بىر هازا ئۇنىسىز تۇرغاندىن كېيىن، پالچىغا قول ئۇزاتتى:

— سۆهبەتلىرىمىزنى ئەسلەپ تۇرىمەن، دوستۇم.

# 21

"ئادەم دېگەن بىر نەچچە كۈندىمۇ ئۆزگىرەلەيدۇ" دېگەن ئىدى ماسىئاس. ئەجەبا شۇ گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بىر كۈندىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا كىشىگە ئۆزىچە يېقىنلىشىپ، كۆڭۈل بىلدۈرۈپ يۈرگەن ئادەم، ئەتىسى خوش دەپمۇ قويماستىن تىكىۋەتسە ـ ھە؟! ئالتە كۈننىڭ ياقى قارىسىنى كۆرسەتمىگىنىگە قارىغاندا، كەتتى دېگەن گەپ، دەپ ئويلىدى دىئاننا.

ئۇ كەچلىك ئايلىنىشتىن قايتىپ كېلىپلا تېلېفون دەپ- تىرىدىكى ئىسىملارنى ۋاراقلاشقا باشلىدى ۋە قاچانلاردا بۇن- چىۋالا جىق ئادەملەر بىلەن تونۇشقىنىغا ھەيران قالدى.

ئۇ بەلكىم بۇ ئىسىملارنىڭ ئارىسىدىن يېقىن دوستىدىن بىرنى تېپىپ، مۇڭدىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرار، پاراڭنى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىي تېمىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، رەسسامنىڭ گەپ قىلمايلا كېتىپ قېلىشىغا باھانە بولالايدىغان سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشار، ئاخىرىدا رەسسامنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گۇمانلىرىنىڭ ئورۇنسىزلىقىغا

ئىشىنەر ۋە يەنە ئەسلىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى بۇزماستىن ساقلاپ قالار.

— مارىي بەلكىم مۇنداق قىلماستى، دەپ ئويلىدى دىئاننا ۋە تېلېفون دەپتىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. مارىي بىلەن بەس تالىشىپ ئەمەس، ئۆزلۈكىدىن ھېچكىمگە تېلېفون قىلغۇسى كەلمەي قالدى. ئەمما باشقا بىر نومۇرنى، مېھمانخانىنىڭ ساياھەت بۆلۈمىنىڭ نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى.

— قانداق ياردىمىمىز كېرەككىن؟

قارشى تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى.

— سالام كرىستىنا، مەن دىئاننا. بىر ئىشقا ياردەم قىلىشىڭىز بوپتىكەن. خاتالاشمىسام توپكاپى سارىيى ئىستانبۇلدىغۇ دەيمەن. تەكشۈرۈپ، ماڭا جۈمەنىڭ بىلىتىنى ئېلىپ قويسىڭىز، قايتىش يول ھازىرچە ئوچۇق تۇرسۇن.

— خاتا ئاڭلاۋاتمايدىغاندىمەن دىئاننا خېنىم، جۈمە دېدىڭىزمۇ؟

— توغرا، جۈمە.

— لېكىن... يەكشەنبە كۈنى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىڭلار بارتتىغۇ؟ كېچىكتۈرۈلمىگەندۇ؟

— ياق، كېچىكتۈرۈلمىدى. ئەمما مەن بىر بېرىپ كېلىمىسەم بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ئەنسىرىمەڭ، كرىستىنا، ھەممە ئىش جايىدا.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# 22

ئايروپىلان قونۇش ئاگاھلاندۇرۇشى بېرىشكە باشلىغاندا، ئەتىدىن بېرى نەچچە رەت ئوقۇلغان ئۈچىنچى خەت ھېلىھەم دىئانىنىڭ قولىدا تۇراتتى.

## ئۈچىنچى خەت  بىر گۈلدە فەنا بولماق

*قەدىرلىك ئانا:*

*بۈندىن تەخمىنەن بىر يىل مۇقەددەم يېمەك - ئىچمەكتىن كېسىلگەن بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدىم. بۈرۈندىن قىلىنىۋاتقان ئىشلىرىم مەنىسىزلا تۇيۇلاتتى. ھۇجرامدىن سىرتقا چىقماي، پۈتۈن ۋاقتىمنى بۈرۈن ئەزەلدىن پۈراپ باقمىغان بىر خىل پۇراق تارقىتىشقا باشلىغان گۈللىرىم بىلەن ئۆتكۈزەتتىم.*

*ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ يېتىشتۈرۈشكە تۇتۇنغان گۈللەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھۇجرامنى لىق ئالدى، گۈللىرىنى سېتىشقا قىيماي-*

ىدىغان گۇلچىدەك سىزەتتىم ئۆزۈمنى.

كېيىن بىر كۈنى غەيرىي بىر ئىش يۈز بەردى: گۇللەرنىڭ نەپەس ئېلىپ تىنىشىنى تۇيۇشقا باشلىدىم ۋە بۇ ھال نەچچە كۈن داۋاملاشتى. بەزىدە ئۇلاردىن يەڭگىل شامال ئۇرۇلۇپ، چاچلىرىمنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرەتتى ۋە گويا كەچمىشىمنىڭ تامامىي ئىزلىرىنى بېشىمدىن سىرتقا سۈپۈرەتتى.

بىر كېچىسى بۇ شامال خېلىلا كۈچىيىپ، پۈتۈن كېچە راسا شىددەتلىك سوقتى ۋە تاڭ ئاتقان مەھەلدە توختىدى. ئارقىدىن ھەر تەرەپنى ئاجايىپ كۈچلۈك بىر نۇر-يورۇقلۇق قاپلاپ كەتتى. ھەممە يەر نۇر ئىدى، ئەمما مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. ھۇجىرا ئۈن - تىنىش دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق تەگسىز جىمجىتلىققا پاتقان ئىدى. خېلىغىچە داۋاملاشقان بۇ جىمجىتلىق كارىنىتىمنىڭ باش تەرىپىدىكى ھال رەڭ گۈلنىڭ ماڭا قىلغان سۆزى بىلەن بۇزۇلدى. ئەمما ئاۋاز گويا ئۈنىڭدىن ئەمەس، مەندىن، ئىچىمدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

ئاۋاز بارغانسېرى كۈچەيدى، چىڭىدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلدىكى بارا - بارا شۇ ئاۋازدىن باشقا ھېچنېمىنى تۇيالماس، ھېچنېمىنى كۆرەلمەس، ھېچنېمىنى پۇرىيالماس بولدۇم. پەقەت گۇلۇمنىڭ ئاۋازىنىلا كۆرەتتىم، پەقەت گۇلۇمنىڭ ئاۋازىنىلا پۇرايتتىم، پەقەت گۇلۇمنىڭ ئاۋازى بىلەنلا ئۇچرىشاتتىم.

ئۆزۈمدىن قورقتۇم. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ،

ئۆزۈمدىن قانداق قورقايكى؟ مەن ئۇ يەردە يوق ئىدىم، ئۇ يەردە پەقەت گۈللا، گۈلنىڭ ئاۋازىلا مەۋجۇت ئىدى.

— سالام، مارىي.

— يا خۇدا، ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ! گۈلۈمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغىنىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئىشەنگىنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىيالايسەن.

— ئاجايىپ هال هە!

— ئاجايىپ، ئاجايىپلار ئۈچۈن دائىمىي ئىشتۇر.

— بۇنداق مەدھىيەگە مۇناسىپ ئەمەسمەن.

— شۇ سەۋەبتىن ھەقىقەتەن مۇناسىپسەن.

— بىر گۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغىنىمغا قارىغاندا، ئەمدى ئانامنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالامدىم؟

— ئاناڭ ساڭا ئىنچىل گەپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما سەن بۇنى سوقراتنىڭ گېپىنى تىڭشىغاندىن كېيىن ئاندىن پەرق ئېتەلەيسەن ۋە ئاناڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايسەن.

— سوقراتنى نەدىن تاپىمەن؟

— ئۇنى سەن تاپالمايسەن، ئۇ سېنى تاپىدۇ.

— قاچان؟

— ۋاقتى كەلگەندە.

بۇ هال رەڭ گۈلدىن ئاڭلىغان تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى سۆز بولدى. شۇندىن باشلاپ تۇلكىنىڭ كىچىك شاهزادىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئوۋغا كۆندۈرۈشىنى ساقلىغىنىدەك مەنمۇ سوقراتنىڭ كېلىشىنى

ساقلاۋاتىمەن. شۇ تاپتا قولۇمدا ئادرېسىڭ ئىپىئىنىق تۇرسىمۇ، سوقراتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق تۇتمىغۇچە سىنىڭ ئاۋازىڭنىمۇ ئاڭلىيالمايدىغىنىمنى ئوبدان بىلىمەن، جېنىم ئانا! شۇڭا ساقلاۋاتىمەن...

ئەمما خاتىرجەم بول، سوقرات مېنى چوقۇم تې-پىپ كېلىدۇ. گۈلۈم شۇنداق دېدى. كىم بىلىدۇ، سوقرات بىلەن بەلكىم سان فرانسىسكودا كۆرۈشەم-دىم تېخى...

سان فرانسىسكوغا بارغاندىن كېيىن، ساڭا ئەڭ ئاخىرقى مەكتۇپنى يوللاش ئۈمىدىدە

قىزىڭ مارىي

1 - مارت

# 23

يۇك ـ تاقلىرى ئەڭ ئاخىرىدا چىقىقاچقا، دىئاننا ئايرودۇ ـ رۇم زالىدا يېرىم سائەت ئۆپچۆرىسىدە ساقلاشقا مەجبۇر بول ـ دى؛ ئۇ يەردىن چىقىپ تاكسى ئۆچرىتىنى ئارقىسىدىن سوقۇپ ـ ئىتتىرىپ كەلگەنلەرگە ئىككى قېتىم تارتقۇزۇپ قويدى؛ شوپۇرنىڭ ئۇ چۈشەنمەيدىغان تىلدا قىلغان پارىڭىنى چىداپ ئاڭلىدى... ئەمما ئەڭ يامان بولغىنى، ئۇ سۇلتان ئەھمەد مەيدانىدىكى كۆرۈنگەنلىكى مېھمانخانىغا چاپتى ۋە مېھمانخا ـ نىنىڭ يوق ئارقا باغچىسىنى ئىزدەپ قېيىنۋەتتى، تاپالمىدى. ئۇ مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ئەتراپىدى ـ كىلەردىن يوشۇرۇپ قالالمىدى. ناۋادا زەينەپ خانىمنى تاپالـ ـسا ئىدى، بۇ دەردلەرنىڭ ھېچبىرىنى ھار ئالمايتتى.

دىئاننا ئاياسوفىيە جامەسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى خىلۋەت بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ، تا دەرۋازا تاقالغۇچە تامغا قاراپ تېلىقىپ يىغلىدى. قاقرام ئاپتاپ ـ شامالدا چاك ـ چاك يې ـ رىلغان تام گويا مىليونلىغان ئىنساننىڭ مەنىۋى كەچمىشلى ـ رىگە خاتىرە بولۇش ئۈچۈن زامان بىلەن مەردانە جەڭلىشىۋات ـ

قاندەك تىك تۇراتتى. شۇنداق بىر ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن قەت-
ئىي تىركىشىش ئەرزىيدىغاندۇ بەلكى. لېكىن ئۇنىڭ مارىينى
تاپىمەن دەپ ئۆزىنى بۇنچە ئۇپرىتىپ يۈرۈشى ئەرزىمدىكىن؟
باشقۇرغۇچىنىڭ ئۈچىنچى مەرتەم تىۋۇلىغان "تاقىلىدۇ"
دېگەن ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلگەن دىئاننا ئايا سوفىيەدىن چىد-
قىپ، توپكاپى سارىيىغا قاراپ مەقسەتسىز يۈرۈشكە باشلىدى.
ئۇ سارايىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا قۇدۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر
چەتتە ئولتۇردى. بۇ يەر تاقىلىدىغان يەر ئەمەستەك قىلاتتى.
ئۇ ئەتىلا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئايروپىلاندىن ئورۇن تا-
پالايدىغان - تاپالمايدىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقاندا، كەينىد-
دىنلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:
— تايىنسىز كۈن بولدى، ھە؟
دىئاننا بېشىنى بۇراپ، خۇددى كوچىدا يەردە ئولتۇرغان
بىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۆزىگە سەل قىزىقسىنىپ
ۋە شۇنداقلا مەنسىتمىگەندەك نەزەر سېلىپ تۇرغان، ئۆزايد-
دىن ساياھەتچىلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆردى.
— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى دىئاننا، — ئىزدەپ كىر-
مىگەن مېھمانخانا قالمىدى. ئاخىرى بىردەم كوچىنىڭ پەيزد-
نى بولسىمۇ سۈرەي دەپ ئولتۇرۇشۇم.
— شۇ، يىلنىڭ قاتلاڭ پەسلى باشلاندى ئەمەسمۇ. بىزمۇ
يەر تاپالماي جىق قىينالدۇق.
ئايال سارايىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان يولنى شەرەت
قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئەسلىدە، شۇ تەرەپتىكى داچىلاردا تۇرارمىز دېۋىدۇق،
لېكىن يەر قالماپتۇ. قانداق قىلايلى، «تۆت پەسىل» مېھمانخا-

نىسىغا چۈشتۈق ئامالسىز.

دىئاننا ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە، ئايال كۆرسەتكەن تە-رەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— داچىلارغا مەن بىر قاراپ باقاي قېنى. «تۆت پە-سىل»دە خۇشال - خۇرام تۇرغايسىلەر.

# 24

ئۈدۈلدا ياغاچتىن قوپۇرۇلغان ئىككى داچا تۇراتتى. كاۋا چېچەكى رەڭدە سىرلانغىنى سەل چوڭ، ھەشەمەتلىكرەك كۆ-رۈنەتتى، داچىغا ئوڭ تەرەپتىكى بېغىدىن كىرگىلى بولاتتى. يەنە بىرسى يېشىل رەڭدە سىرلانغان بولۇپ، ئىشىكى يولغىلا ئېچىلاتتى، كەينىدە بېغى بارمۇ ـ يوق، دەماللىقتا بىلگىلى بولمايتتى.

دىئانىنانىڭ ئۆزىنى قايسىبىرىگە بولسۇن ئاتقۇسى كەلدى، ئەمما زەينەپ خانىمنى تېخى كۆرگىنى يوق، بۇ ئىككى داچى-نىڭ قايسىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرەزمۇ قىلالمىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ بولسىغۇ...

دىئانىنانىڭ كۆڭلى ئاۋۋال چوڭراقىغا كىرىشنى تارتىپ قالدى. دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا باغ دىققىتىنى تارتتى. باغ سېرىق، ھال، بىنەپشە، قىزىل، سارغۇچ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن لىق تولغان ئىدى، لېكىن ئۇ بىر تالمۇ ئەتىرگۈل كۆ-رەلمىدى. ئۇ كەينىگە ياندى. بىر تار ئىشىكتىن ئۆتۈپ، كى-چىكرەك كۆرۈنگەن يەنە بىر داچىغا كىردى.

كۆتۈۋېلىش ئورنىدىكى خادىم تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. دىئاننا ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى توپتوغرا 17 مىنۇت ساقلىدى. ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان يەنە بىر مۇلازىمنى توختىتىپ، سۆزلەرنى دانە ـ دانە چىقىرىشقا تىرىشىپ سورىدى:

ــ زەينەپ خانىم بارمىدۇ؟

ــ يېرىم سائەت ئاۋۋال چىقىپ كەتكەنتى، خانىم. بىر سائەتكىچە قايتىپ كېلىمەن دېگەنتى.

ــ نېمە؟ زەينەپ خانىم؟ زەينەپ خانىم شۇنداق دېدىمۇ؟

دىئاننانىڭ بۇ گېپىدىن بىرەر مەنە ئۇقالمىغان مۇلازىم ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ قويدى.

ــ ھەئە، ئەلۋەتتە، زەينەپ خانىم شۇنداق دەيدۇ ـ دە، يەنە كىم بولاتتى، ــ دېدى دىئاننا ۋە ئۆزىگە ھېلىھەم ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرغان مۇلازىمنى كەتكۈزمەستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ زەينەپ خانىم قايتىپ كەلسە، ئۇنى ئىزدەپ بىرەيلەننىڭ كەلگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويالارسىزمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، خانىم. مەرھەمەت، چايخانىدا ساقلىغاچ تۇرۇڭ.

"بۇنداق ئويغاي بولار دەپ خىيالمۇ قىلمىغانتىم" دەپ ئويلىدى دىئاننا. ئۇنىڭغا كۈنبويى بېشىغا قارا سايە تاشلاپ تۇرغان تەقدىر بىردىنلا ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتكەندەك تۇيۇلدى.

# 25

چايخانا دېيىلگەن بۇ يەر يورۇق، تىپىك تۈرك ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن تۆت ئايرىمخانىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئىشىكتىن كىرىشتىلا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىنەپشە رەڭ جىلىتكە كىيىنىۋالغان كۈتكۈچىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

چايخانىغا قېنىق رەڭلىك تاختاي، چاقچۇق خىش بېسىلىپ، ئۈستىگە قىچا رەڭ بىلەن كۆك رەڭگە مايىل سىيدام توقۇلغان گىلەم سېلىنغان ئىدى. چايخانا تېمىغا ئېسىلغان ئىستانبۇلنىڭ ئۆتمۈشىگە ئائىت رەسىملەردىن خالىچ بوغۇزى[1]دا توختىتىپ قويۇلغان پالاقلىق قېيىقلار؛ مۇنارلىرى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان جامەلەر؛ بوغازچى قىرغىقىنى قاپلىغان تار پەنجىرىلىك ياغاچ ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى دىئانىنى ئىستانبۇل خىياللىرىدىن تارتىپ چىقاردى. چايخانىغا كىرگىنى — ئۇ

[1] خالىچ بوغۇزى — «ئالتۇن مۈڭگۈز بوغۇزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئىستانبۇلنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، ئىنچىكە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇھىم دېڭىز بوغۇزى.

يەر ـ بۇ يېرىگە ئاق ئارىلاشقا باشلىغان چېچىنى كەينىگە يۇ-
مىلاقلاپ تۇرۇۋالغان؛ تېرىلىرى ياشلىقتىكى يۇمران، پار-
قىراقلىقىنى ساقلاپ قالغان؛ كىشىنىڭ ئىختىيارسىز يۈرد-
كىگە پاتىدىغان چوڭ، زەڭگەر كۆزلۈك، يۈزى كىچىك بىر ئا-
يال ئىدى. باشتىن ـ ئاياغ كىيىۋالغان سۈت رەڭ كىيىمىنىڭ
ئىچىدە ئۇ ئۆزگىچە بىر قىياپەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان ئايال قۇچى-
قىنى كەڭ ئاچقىنىچە قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ يېقىنلاشتى.

— يا خۇدا، كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەنغۇ مەن، مارىي
سەنمۇ بۇ!... نېمانچىۋالا چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ ـ ھە!

زەينەپ خانىم ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چىڭ يېپىشتىكى، دى-
ئانىنا دەماللىققا ئانىسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئانىسى باغ-
رىغا باسقىنىدا، ئانىسى ئۆزىنى تارتمىغۇچە ئۆزىنىڭ ئاجرى-
مايدىغانلىقىمۇ دىئانىنانىڭ ئېسىگە كېلىپ ئۆلگۈردى.

— كەل، ساڭا ئوبدانراق قاراۋالاي، — دېدى زەينەپ خانىم
دىئانىنانىڭ يۈزىنى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تارتىپ.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى دىئانىنا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، —
خىيالىڭىزنى بۇزغۇم يوق، ئەمما مەن مارىي ئەمەسمەن، ئىس-
مىم دىئانىنا.

زەينەپ خانىم كۈلۈمسىرىدى:

— مارىي، سېنى ئۇنتۇغۇدەك بولمىدىم تېخى.

— كەچۈرۈڭ... مەن... مەن ئۇنىڭ بىلەن قوشكېزەك.

زەينەپ خانىم ئۇنىڭغا شۈبھىلىك نەزەردە باقتى:

— مارىي، سېنىڭ قوشكېزىكىڭ يوقتىغۇ، جېنىم قىزىم.

— ماڭا ئىشىنىڭ، زەينەپ خانىم. راستىنى دېسەم، مەن

بۇ يەرگە مارىينى ئىزدەپ كەلدىم.

— نېمە؟ يەنى قايسى كۈنى ”ھەپتىگىچە قېشىڭىزغا بارى-مەن“ دەپ تېلېفون قىلغان سەن ئەمەسمۇ؟

— نېمە دېدىڭىز؟ مارىي سىزگە تېلېفون قىلدىمۇ؟ بۇ يەرگە كېلىمەن دېدىمۇ؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

زەينەپ خانىم دىئانىنانىڭ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇ-نىڭغا ئولتۇرۇشقا بىرنى ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى قارشى تەرىپىدىكىسىگە ئولتۇردى.

— سەن مارىي ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

— ماڭا ئىشىنىڭ زەينەپ خانىم. سىزدىن ئۆتۈنەي، ماڭا مارىينىڭ نەدىلىكىنى، قاچان كېلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىڭ.

— ساڭا ئىشەندىم قىزىم، ئەمما...

— خوش بولاي، خانىم، دەڭا، مارىي بۇ يەرگە قاچان كېلىدۇ؟

— قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق دېمىدى، ئەمما ئۈچ - تۆت كۈنگىچە كېلىپ قالارمىكىن. نەدىلىكى ماڭىمۇ قاراڭغۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولدى. ئەجەبا سىزمۇ كۆرۈشمىدىڭىزمۇ؟

— بۇ ئۇزۇن ھېكايە، زەينەپ خانىم. ئەمما ئاڭلاشنى خا-لىسىڭىز، سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

— ئەلۋەتتە ئاڭلايمەن قىزىم. لېكىن ئاۋۋال نېمە ئىچى-سەن شۇنى دە، قورسىقىڭ قانداقراق؟ نېمە يېگۈڭ بولسا شۇ-نى دە. مەن يالپۇز پۇراقلىق چاي ئىچەي، سەنمۇ شۇنى ئى-چەمسەن؟

— رەھمەت، قېنىق دەملەنگەن ئەسپرېسسو قەھۋەسى بولسىلا كۇپايە.

— ئەسپىرىسسوغۇ بار، لېكىن كۆپۈكلىرى كۆپچۈپ تۇرد-
دىغان تۇرك قەھۋەسىگە مەيلىڭ قانداقكىن؟ ئۈچ خىلى بار:
ساپ، سۈسراق دەملەنگىنى، شېكەرلىك...

— ئۇمۇ مەيلى، ساپ بولسۇن.

ئۇلارنىڭ پاراڭغا چۈشىدىغانلىقىنى تۇيغان مۇلازىم بۇي-
رۇتمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ماڭدى.

# 26

مۇلازىم قولىدا كۈمۈش تەخسە كۆتۈرگەن پېتى يېتىپ كەلگىنىدە دىئاننا زەينەپ خانىمغا بېشىدىن ئۆتكەن-كەچكەن-لەرنى سۆزلەپ تۈگەتكەن ئىدى.

— ساڭا راستتىنلا ئىچىم ئاغرىدى، دىئاننا، — دېدى زەينەپ خانىم قولىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — ئەمما مارىيىدىن غەم يېمە. مەن بىلىدىغان مارىي ھەرگىز ئۆز-ىگە زەرەر يېتىدىغان ئىش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئېيتە، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق قىزىم، ئېيتقىنىڭغا قارىغاندا، بېشىڭدىن جىق ئىش ئۆتۈپتۇ.

— قەددىمنى رۇسلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، زەينەپ خا-نىم. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن مارىينى تاپمىسام بولمايدۇ. ياردى-مىڭىزگە موھتاجمەن. ناۋادا ئۇ سىزگە تېلېفون قىلىپلا قال-سا، ئۇ بۇ يەرگە كەلگۈچە مەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ سال-ماڭ، ماقۇلمۇ؟ بولسا تېلېفون نومۇرى ياكى تۇرغان يېرىنى ئۇقۇپ بەرسىڭىزغۇ ئالەمچە خۇش بولغان بولاتتىم.

— چاتاق يوق، دىئاننا، تېلېفون قىلىپلا قالسا قولۇمدىن

كەلگىنىچە ئىرىشىمەن. ئۇنى ئېيىش نىيىتىگە كەلگىنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم. ئۇ ئاجايىپ قىز. شۇنچە يىل ئايرىلىپ كەتكىنىڭلار بەك چاتاق ئىش بوپتۇ.

زەينەپ خانىم كۇمۇش چايداننى ئېلىپ ئىزىنىڭ ئۈستىدىكى خرۇستال ئىستاكاننىڭ چېيىنى لىقلىدى، ئاندىن دىئانانىڭ قەھۋەسىنىڭ تۈگىگەن - تۈگىمىگەنلىكىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، تۈزۈتىسىزلا سورىدى:

— مارىي خېتىدە مەن توغرۇلۇق نېمە دەپتۇ؟

زەينەپ خانىمنىڭ بۇ سوئالى بىلەن دىئانا چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى. زەينەپ خانىم بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى، مارىينىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، زەينەپ خانىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى تامامەن ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىدى. توغرا، مارىيغا گۈللەر بىلەن مۇڭدىشىشنى ئۆگەتكىنى دەل شۇ ئىدىغۇ!

دىئانا زەينەپ خانىمغا قايتىدىن باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىدىن تەبەسسۇم، چېھرىدىن كىشىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى مۇلايىملىق يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە مۇئامىلىسىدىن پازىللىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر ئايال راۋان ئىنگلىزچە سۆزلەپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ مارىينىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلەشلىرىنى ئاڭلىسا دەماللىققا كۈلۈپ كېتەر، ۋە بەلكى مارىينىڭ نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەر.

— بىلىمەن، سىزگە غەيرىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما مارىي بىر خېتىدە سىزنىڭ ئۇنىڭغا گۈللەر بىلەن مۇڭدىشىشنى ئۆگەتكىنىڭىزنى يېزىپتىكەن.

دىئاننانىڭ خىيالىنىڭ ئەكسىچە، زەينەپ خانىمنىڭ يۈزى-دە ھېچقانداق ھەيرانلىق ئىپادىسى يوق ئىدى. دىئاننا ئۇنى، "گۇللەر بىلەن مۇڭدىشىش؟ ۋاي، ئۇ مارىي بىلەن ئوينىغان، ئۆي تۇتۇپ ئويناش ئويۇنىتىغۇ" دېگەندەك، ياكى "خەتتە دې-يىلگەنلىرى مارىينىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئىپادىسى" دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. راست، دىئاننا مۇشۇنداق ئىنكاسنى كۈتكەن ئىدى، چۈنكى دى-ئاننا ئۆزىنى گۇلنىڭ پىچىرلىشىنى ئاڭلاشنى ئۆگىنەلەيدىغان ئادەمنىڭ قېشىدا ئەركىن - ئازادە تۇرالايمەن دەپ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

دىئاننا قويۇۋېتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ھاكىمنىڭ لەۋ-لىرىگە ئۈمىد-ئىلتىجا بىلەن قارىغان گۇناھكاردەك، زەينەپ خانىمنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

— دېمەك، مارىي شۇنداق يېزىپتۇ - دە... ئىشەنگۈسىز، شۇنداقمۇ؟

دىئاننا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. تىلىنىڭ ئۇچىغا "ئەل-ۋەتتە، ئىشەنگىلى بولمايدۇ - دە" دېگەن گەپ كېلىپ بولغان ئىدى، لېكىن زەينەپ خانىمنىڭ ئېغىزىنى تاتلاپ بېقىش ئو-يىدا، دېمەسلىك قارارىغا كەلدى:

— بىز "رېئاللىق، ھەقىقەت" دەۋالىدىغان ئىشلارمۇ ئى-شەنگۈسىزغۇ، شۇنداققۇ؟ تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدا جىمجىت تۇرغان دۇنيانىڭ ئەمەلىيەتتە ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتىدىنمۇ نەچچە ئون ھەسسە تېز پىرقىرايدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقى-ڭە... بەلكى سىز مارىيغا گۇللەرنىڭ پىچىرلىشىنى تىڭشاشنى ئۆگەتكەنسىز، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوققۇ بۇ دۇنيادا.

زەينەپ خانىم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا كەلمىگىنىنى كۆرگەن دىئاننا ئاخىرى ئۇنى قىستاپ سورىدى:

— ماڭا راست گەپنى دەڭ، زەينەپ خانىم، مارىيغا راستتىنلا گۈللەرنىڭ پىچىرلىشىشىنى تىڭشاشنى ئۆگەتتىڭىزمۇ؟

زەينەپ خانىم چايدىن بىر ئوتلىدى.

— مارىي كەلگۈچە بىزگە مېھمان بول، دىئاننا. مېھمانخانىمىز گۈللەرنىڭ پىچىرلىشىنى تىڭشىيالمايدىغانلارغىمۇ خىزمەت قىلىدۇ. ھەم ئىشىنىمەنكى، مارىينىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىنى كۈتۈشنى بارلىق مۇلازىملىرىمىز شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

زەينەپ خانىمنىڭ بۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۆرگەن دىئاننا، ئۇ مارىينىڭ ئىززىتىنى قوغداۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى قەستەن سىرلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا باشقىچە بىر سەۋەب بارمىدۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— رەھمەت، زەينەپ خانىم. مېھمان بولۇش تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. لېكىن، مېھمانخانىڭىزدا ئورۇن بولسا، مارىي كەلگۈچە خېرىدارىڭىز بولاي.

— ئەپسۇسكى، مېھمانخانىمىز توشۇپ كەتتى. بۇ يەردە تۇراي دېسەڭ بىردىنبىر تاللاش يولۇڭ مېھمىنىمىز بولۇش، دىئاننا.

زەينەپ خانىم سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇلازىمنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا تۈركچە بىر نېمىلەرنى دېدى.

— دىئاننا، ھېرىپ كەتكەندەك قىلىسەن. خالىساڭ، ئۆيگە

ئاچىقىپ قويسۇن. قانداق تەلىپىڭ بولسا، بۇلارغا دەۋەر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مارىي كەلگەندە هامان كۆرۈ-شىمىز سەن بىلەن...

زەينەپ خانىم مۇلايىم مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دىئاننا ئالدىدىكىسىنىڭ هامان مارىي ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىستىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ "كۆڭلۈم يېرىملىقى راست، ئەمما ئۆيىڭىزگىمۇ، مارىينى دەپ ماڭا كۆرسەتكەن دوستانىلىقىڭىزغىمۇ رەهمەت، قوبۇل قىلالمايمەن" دەپلا چىقىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى، بېشىنى ئەگكىنىچە زەينەپ خانىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

# 27

كېچىنى ناھايىتى شېرىن ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن دىئاننا سەھەر تۇرۇپ ناشتىلىق زالىغا چۈشتى. ئۇ زالغا قەدەم ئېلىپلا زەينەپ خانىمنىڭ ئىشىككە يېقىن ئۇستەلنىڭ بىرىدە يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

دىئاننا چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئويلىدى. بۇنى ئەلۋەتتە مارىيىنىڭ غايىۋى خىياللىرىغا ئىشەنگىنى ئۈچۈن ياكى سىرلىق كۆرۈنۈشكە خۇشتار مۇنۇ خوتۇننى خۇش قىلىش ئۈچۈنمۇ قىلىۋاتقىنى يوق. بىردىنبىر مەقسىتى مارىيىنىڭ قانداقسىگە شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى چۈشىنىش ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، سىزگە دەخلى قىلماسمەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس قىزىم، ئەمما سەل تۇرۇپ ماڭمىسام بولمايدۇ.

دىئاننا چوڭقۇر تىنىۋېلىپ كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— مارىيىغا ئۆگەتكەنلىرىڭىزنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى.

زەينەپ خانىم ھېچنېمە دېمەستىن دىئاننانىڭ كۆزىنىڭ تەكتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، جىمى ھېس - تۇيغۇ، ئوي - خىياللىرىنى تەلقىنلەپ بولۇپ، يەنە ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان تەرزدە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە خېلىغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

— ئولتۇرمامسەن، دىئاننا؟

— بۇ قوشۇلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرەمدۇ؟

— نېمىگە قوشۇلىمەن؟

قەستەن چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى دىئاننا ئىچىدە. بەلكى تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقاندۇ، ئۇنى ئويىنىتىپ، كولدۇرلىتىۋاتقاندۇ.

— ماڭىمۇ مارىيغا ئۆگەتكەندەك گۈللەرنىڭ پىچىرلىشىغا قۇلاق سېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ، زەينەپ خانىم.

— قانداقسىگە بۇنى ئۆگەنگۈڭ كېلىپ قالدى، دىئاننا؟

— مارىيغا شۇنچىلىك تەسىر قىلغىنىغا قارىغاندا ئاجايىپ سىرلىق بىر ئىش بولسا كېرەك.

زەينەپ خانىمنىڭ يۈزىدىكى مۇلايىم، تەبەسسۇمغا مايىل ئىپادە شۇ ھامان غايىب بولدى.

— بۇنىڭ بەدىلىگە مەن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىنى بېرەلەمسەن ئەمىسە؟

— مەندىن نېمە ئىستەيسىزكىن؟

— جېنىڭنى.

دىئاننا بۇنىڭ چاقچاق ياكى يەنە شۇ سىرلىق گەپلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ھېچنېمە دېمىدى، پەقەتلا كۈلدى. ئۇ زەينەپ خانىمنىڭمۇ كۈلۈشىنى كۈتكەن ئىدى،

لېكىن ئۇ ھېلىھەم قەتئىي، ئىپادىسىز ھالدا تۇراتتى.
— مارىيەدىنمۇ جېنىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغانمىتىڭىز؟
— ئۇنىڭغا ھاجەتسىز ئىدى، مارىي گۈللەرنىڭمۇ پارلاق قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە گۇمان بىلەن قارى-غۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى. سەنچۇ، دىئاننا؟ سەن گۈللەرنىڭ پىچىر-زىكرىگە ھەمسۆھبەت بولغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەن-مىدىغان بىر جانغا ساھىبمۇ ياكى بۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قاراي-دىغان جانغىمۇ؟
— يا خۇدا، زەينەپ خانىم، — دېدى دىئاننا، — مارىي يېنىڭىزغا كەلگەندە كىچىكلا بالا ئىكەنتۇق. مەنمۇ ئۇ يې-شىمدا بولغان بولسىدىم، گۈللەرنىڭ گەپ قىلالايدىغانلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاجايىبات بولسىمۇ ئىشەنگەن بولاتتىم.
— مەسىلەن؟
— مەسىلەن، مەسىلەن... دۇنيانى سۇ ئۈزۈپ كېزىپ چى-قالايدىغانلىقىمغا، ئۇچالايدىغانلىقىمغا، پەرىشتىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرالايدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن بولاتتىم؛ كىچىك ۋاقتىمدا ئانام، دادامنىڭ خۇدايىمنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى دېگەن ئىدى، مەن شۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيانى سۇدا ئۈزۈپ كې-زىپ بولسىمۇ خۇدانىڭ دەرگاھىنى تېپىش؛ دېڭىز - ئوك-يانلاردىن تاپالمىسام، غايەت زور قانات تاقاپ ئۇنى كۆكتىن، ئاسماندىن ئىزدەش؛ ناۋادا ئۇ يەردىنمۇ ئۇچرىتالمىسام، پە-رىشتىدىن مېنى دادامنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈشنى ئۆتۈنۈش توغرۇلۇق ئۆزۈمگە ئەھدە قىلغان ئىدىم. نېمىشقا؟ چۈنكى مەن كىچىك ئىدىم، بالا ئىدىم، بالا! سىز رېئاللىقنىڭ قانداقلىقى-نى، مەن مۇشۇنداق غايىۋىي خىياللارنى سۇرۇۋاتقاندا دادامنىڭ

نەدىلىكىنى بىلەمسىز؟

دىئاننا يىغىدىن توختاپ قالدى.

— بولدى، نېمە بولسا بولسۇن، ئەمدى بۇلار مۇھىم ئەمەسقۇ، يوققۇ ئىشقىلىپ؟

— ئاخىرىدا قانداق بولدى، دىئاننا؟

— نېمە نېمە بولدى؟

— داداڭنى ئىزدەش، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش خىيالىدىن قانداقسىگە ۋاز كېچىپ قالدىڭ؟ كىم ساڭا ئۇنى ئەمدى تاپالمايسەن دېدى؟

دىئاننا ئورنىدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، زەينەپ خانىم، مەن ئېزىپتىمەن، خاتالىشىپتىمەن. لېكىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن.

— پەرەز قىلغىنىمدەك، — دېدى زەينەپ خانىم، — دىئانانىڭ ئۆلگۈسى يوق... شۇڭا گۈللەرگىمۇ قولاق تۇتالماس.

دىئاننا زەينەپ خانىمدىن يۈزىنى ئۆرۈپ ئىشىك تامان بۇرالغىنىدا، ئۇنىڭ كەينىدىن پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا سورالغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھاياتنىڭ قىممىتىنى كىملەرنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، دىئاننا؟

دىئاننا توختىدى، ئەمما ئارقىسىغا بۇرۇلماستىن شۇ پېتى ساقلىدى.

زەينەپ خانىم ئۆزى سورىغان سوئالغا ئۆزى جاۋاب بەردى:

— ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىلار!

دىئاننا ئۇستەلگە قايتىپ كەلدى ۋە يەرگە قارىغىنىچە:

— قېنى ئېيتىڭە، مەندىن نېمە سورايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— پەقەت بىرلا نەرسىنى — گۇللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان دىئاننانى ئۆلتۈر، دىئاننا! بۇنداق ئۆلۈمگە يۈزلىنىش، ساڭا گۇللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنەلەيدىغان يېڭى بىر هايات ئاتا قىلىدۇ. گۇللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگىنىڭ ئۈچۈنلا بۇنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن.

— بىلەمسىز، زەينەپ خانىم، گۇللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش دېيىلگەن بۇ ئىش، مېنىڭ چۈشەنگىنىم بويىچە، ئەگەر جىسمانەن ئاڭلاش بولىدىغان بولسا، سىزگە ئوچۇق دەي، بۇنىڭغا هەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ئەكسىچە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا قىزىقمايمەن. لېكىن مەيلى ئۆگىتىمەن دېسىڭىز، بولدى، قېنى ئۆگىتىڭ.

— ئەمما شەرتىم بار.

— نېمە شەرت؟

— ناهايىتى ئاددىي. دېگەنلىرىمگە مۇتلەق بويسۇنىسەن. دەرستىن ۋاز كېچىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ، ئەمما ئوقۇۋېمەن دەيدىكەنسەن ئىتائەتىمدىن چىقمايسەن. دەرس ئارقا باغدا، ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆتۈلىدۇ. بىر دەقىقىمۇ كېچىكىشكە رۇخسەت يوق. كېچىكىپ كەلگۈچە، كەلمەيلا قوي. باغدا باغۋەننىڭ، يەنى مېنىڭ تەرتىپىم يۈرگۈزۈلىدۇ. ئوقۇيدىغىنىمىز جەمئىي تۆت دەرس، بۇ گۇللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ماهارىتىدىكى پىراكتىكا هېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ جەر-

ياندا مېھمانخانىدىن يالغۇز سىرتقا چىقىش چەكلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى شەرت — قۇرۇق تەرجىمىھال.

— قۇرۇق تەرجىمىھال؟

— ھەئە. ئەلۋەتتە سەن مۇئەييەن بىر ماكان ـ زاماندا، بەلگىلىك ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر قىز ـ نىڭ كەچمىشىگە ساھىبلىق قىلىۋاتىسەن. لېكىن ناۋادا سەن بۇندىن بىر نەچچە ئەسىر كېيىن سان فرانسىسكودا تۇغۇلغان بولساڭ؛ ياكى بىر نەچچە يۈز يىل ئاۋۋال ئىندىئانلارنىڭ ئا ـ رىسىدا ئۆسكەن بولساڭ؛ ۋە ياكى ھازىر تىنچ ئوكيانىنىڭ شى ـ مالىدىكى بىرەر ئارالدا ياشاپ قالغان بولساڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ كەچمىش ـ تەرجىمىھاللىرىڭ تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى، بەلكىم بۇگۈن توغرا دەپ قارىغان ئىشلى ـ رىڭ، مەنتىقىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان كۆز قاراشلىرىڭنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بىر نەرسىلەرگە بەيئەت قىلغان بولۇشۇڭ ـ مۇ مۇمكىن بولاتتى. كەچمىش دېگەن نىسپىي بولىدۇ، دىئاد ـ نا. بىز گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى زامان، ماكان ۋە بىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ بېقىندىسىغا چۈشۈپ قالمىغان ۋۇ ـ جۇدىمىز بىلەن سېزىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇرۇن ئالغان بارلىق تەربىيە، تەجرىبە، بولۇپمۇ باھالارنىڭ تامامىسىنى چۆرۈپ تاشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇلار ئەسقاتسا ئىدى، گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئەڭ ئاۋۋال بوتانىكلار ئاڭلىيالىسا بولات ـ تى. ئەمما تا ھازىرغىچە بۇرۇن ئۆگەنگەن ئاشۇ نەرسىلەر باغدا بىزگە يۈك، ناھايىتى ئېغىر يۈك بولۇپلا كەلدى.

دىئاننا خۇددى بىر نەرسىنى سەزگەندەك زەينەپ خانىمغا قارىغىنىچە دېدى:

— بۇ يۇك يەلكەمدىلا بولىدىكەن سۇ مېنى كۆتۈرەلمەس، شۇنداقمۇ؟

— ناھايىتى توغرا دېدىڭ. بۇنى نەدىن ئاڭلىغانتىڭ؟

— مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر گەپنى ئانام مارىيىنىڭ چۈشىدە دەپتىكەنتۇق. خەتتە يېزىلىشىچە، مارىيىنىڭ چۈشىدە ئايان بولغانلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۇنيادا راست ئالدىغا كەلگەنمىش.

— بۇ تەبىئىي ئىش، — دېدى زەينەپ خانىم، — چۈش رېئاللىقتا زاھىر بولىدىغان ئىشلارغا خېمىر تۇرۇچتۇر.

دىئاننا مارىيىنىڭ چۈشلىرى ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلغۇ-سى كەلمەي سۆزنى يەنە ئەسلىي تېمىغا بۇرىۋەتتى:

— شەرتلىرىڭىز ھەققىدە توختىلايلى... دېمەككى، ھەم-مىگە كۆندۈممۇ دەي، ئاخىرىدا نېمىگە ئېرىشەرمەن؟

— باغقا قەدەم ئېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە بولسا، شۇ-نىڭغا يېتەرسەن. باغدا نېمە قىلغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى نې-مە ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلغانلىقىمىز ھەممىدىن مۇھىم. يە-نى، باغقا گۈللەر بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك ئادەم بولۇش نىيىتىدە پۇت تىقساڭ، ئېرىشىدى-غىنىڭ كىبىر بولۇر؛ مەقسىتىڭ گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشلا بولىدىكەن، ئۇنى تىڭشىيالايدىغان قۇلاققا ئىگە بولىد-سەن؛ مۇبادا ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ، مارىيغا ئوخشاش، گۈللەر-نىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاناڭنىڭ خۇش مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلاشنى كۆڭلۈڭگە پۈكسەڭ، بۇنىڭغىمۇ ھەم يېتەرسەن. ھەممىسىنى قويۇپ، بىر مەھەللىك كۆڭۈل خۇشى قىلىپلا چىقاي دەپ ئويلىساڭ، ئۇمۇ ھەم تامامەن مۇمكىن.

بۇ گەپلەر بۇيۇك بىر چاقچاق كەبى كېتىپ باراتتى. تېخى بايىلا كامالەتلىك ئىلىم ئىگىسى سىياقىدا كۆرۈنگەن زەينەپ خانىم، بىردىنلا قىلدىن قىيىق كېتىپ قېلىشقىمۇ ئەسلا يول قويماس قاتتىق قول نازارەتچىگە ياكى ئەمىرلىرىگە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقان سۈرلۈك سەركەردىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. خۇددى ئۆتىدىغان دەرسى گۈل - چېچەك توغرۇلۇق ئەمەس، باشقا بىر ئېھتىياتلىق ئىشتىكىدەك...

— بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى، — دەپ سۆز قاتتى دى-ئاننا، — ئىشىنەيلى - ئىشەنمەيلى، گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش دەيدىغان بۇ گەپ كىشىگە ناھايىتى ھاياجانلىق تۇيۇ-لۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما ئەكسىچە سىز ھازىر دەۋاتقان بۇ شەرت، ئۆلچەملەر... خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، دېمەكچىمەنكى، بەكلا چىڭ، كىشىنى بوغۇپ قويامدۇ - قانداق؟

— بۇلۇت، يامغۇر، ئېرىق، دەريالاردىكى سۇ كىشىگە قال-تىس ھاياجان بېغىشلايدۇ، دىئاننا، — دېدى زەينەپ خانىم، — لېكىن ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىز ئاخىرىدا يە-نىلا بىر قاچىغا موھتاجمىز.

بىر ھازا ئۈنسىز تۇرۇپ قالغان دىئاننا:

— پەقەت تۆتلا دەرس دېدىڭىز - ھە؟ — دېدى ئاخىرى يۇتۇنۇپ.

— ھەئە، تۆتلا دەرس.

— ئۇنداقتا... بولدى، قوشۇلدۇم.

زەينەپ خانىم ئورنىدىن تۇردى.

— بىرىنچى دەرسىمىز ئەتە ئەتىگەن سائەت 6:11 مىنۇت ئۆتكەندە باشلىنىدۇ. تېمىسى: گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ما-

تېماتىكىسى. ئالگېبرا، گېئومېترىيە دېگەندەك كىتابلارنى كۆتۈرۈپ كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ. مەن دېگەن ۋاقىتتا باغنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ھازىر بولساڭلا بولدى.

— ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن ئون بىر؟

— دەل شۇ ۋاقىتتا.

بۇنداق ئەتىگەن تۇرۇش دىئاناغا ياقمىغان بولسىمۇ، بېرىشى بىلەن ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

— خوش، ئۇنداق بولسا سائەتلىرىمىزنى ئۇدۇللىۋالايلى، — دېدى زەينەپ خانىم، — ھە راست، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، ئەگەر دەرس تۈگىگەندە گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىساڭ، مۇكاپات بار.

— بۇنچە ئېھتىماللىق قويغىنىڭىزغا قارىغاندا، ماڭا بەكلا ئىشەنمىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمىدىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا ئىشەنمەيمەن.

— نېمە مۇكاپات؟

— ئۇزاق يىللاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر ھېكمەت.

— ئاڭلىيالمىسامچۇ؟ — دەپ سورىدى دىئانا ئويناشقاندەك كۈلۈمسىرەپ، — سىنىپ ئاشالمىغانلارغا جازا يوقمۇ؟

— گۈللەرنىڭ ئۇنىسىزلىكى، — دېدى زەينەپ خانىم، — گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ئېغىر جازا!

# 28

دىئاننا تاختا ئورۇندۇقنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى. زەينەپ خانىم بىلەن كۆرۈشىدىغانغا يەنە بەش مىنۇت بار ئىدى. باغنىڭ ئەتراپىغا بويىدىن ئېگىز چىتلاق تۇتۇلغان بولۇپ، ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما ئېگىز چىتلاقنىڭ ئەكسىچە، باغقا كىرىدىغان ئىشىك تولىمۇ پاكار ۋە تار ئىدى.

دىئاننانىڭ كۆزى سائەت ئىستىرېلكىسىدا بولغىنى بىلەن كاللىسى «گۇل ئاۋازىنى ئاڭلاش ماتېماتىكىسى»نىڭ زادى نېمىلىكى ھەققىدىكى خىيال بىلەن بەند ئىدى. ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بۇ غەلىتە ماتېماتىكا دەرسىدە زادى نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

سائەتنىڭ مىنۇت ئىستىرېلكىسى دەل ئون بىرگە توغرىلانغان مەھەلدە زەينەپ خانىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەقىل بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولالمايسەن، دىئاننا.

دىئاننا ھەيرانلىقىنى يېپىش ئۇچۇن كۈلدى ۋە ھەرقانچە بولسىمۇ زەينەپ خانىم كۆڭلۈمدىكىنى بىلەلمەس، مەندەك

بىر ئادەمنىڭ نېمىنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەسقۇ، دەپ ئويلىدى ئىچىدە. تاڭنىڭ بۇ پەيتىدە گۈل-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئۆگىنىمەن دەپ، سائەتنىڭ توشۇشىـ-نى ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەم، نېمە دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنامايى، يەنە نېمىنى خىيال قىلسۇن؟

— مېنىڭ ئەقلىم بۇ ئىشلارغا يەتمىسە، قېنى سىز چۈ-شەندۈرۈڭ ماڭا، گۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش دېگەن نېمە زادى؟

— سەن زەيتۇن يەپ باققانمۇ، قىزىم؟

— نېمىگەن؟ ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— سېنى ماڭا ئاشۇ زەيتۇننىڭ تەمىنى تەرىپلەپ بېرە-لەرمۇ، دەپ ئويلاۋاتىمەن. قېنى، كەل، ئىككىمىز كېلىشەيلى، سەن ماڭا زەيتۇننىڭ تەمىنى ئېيتىپ بەر، مەن ساڭا گۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى دەپ بېرەي.

— خوپ، — دېدى دىئانا ئويلىنىپ، — زەيتۇن... ھە... تۇزلۇقراق... ھە... مۇنداق... مايلىق... ھە... مۇنداق... يە-نى... خۇددى... ئىشقىلىپ كۆچلۈك تەملىك... خۇددى... نې-مىتتى... نېمىدەك... ئىشقىلىپ...

زەينەپ خانىم چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— ئېغىزىمغا تۇزلۇق، مايلىق، كۈچلۈك بىر تەم كەلدى. ھەرنېمە بولسا زەيتۇن يەپ بېقىپتىكەنمەن، بولمىسا بۇ دې-گەنلىرىڭدىن ھېچنېمىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەسكەنمەن.

— خوپ، سىز يەڭدىڭىز.

— ئەمدى، زەيتۇننىڭ تەمىمۇ، گۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش-مۇ بىر يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، باغقا كىرىشتىن ئاۋۋال بىر ماتېماتىكا دەرسىمىز ھەققىدە توختىلىۋالايلى، بولامدۇ؟

— قېنى مەرھەمەت، قۇلىقىم سىزدە.

— گۈل ئاۋازىنى ئاڭلاش ماتېماتىكىسى — بۇ ماھارەتكە ئېرىشەلمىگەن ـ ئېرىشەلمەيدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆگىنىپ قويۇشى كېرەك دەرستۇر. چۈنكى گۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ماتېماتىكىسى، دېگەن تېما ئاستىدا ئۆگىنىدىغان فورمۇلا پەقەت گۈللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى بەش ئەزايىمىزغا تايىنىپلا جاۋاب بېرەلمەيدىغان ۋە جاۋاب مۇمكىنچىلىكى چەكسىز بولغان ھەرقانداق مەسىلە ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر. "ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟" دېگەندەك سوئاللارغا مىسالەن.

بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال بۇ فورمۇلا ئېسىمىزدە مەھكەم تۇرغاي: يەنى بىر بۆلۈنگەن چەكسىز $(1/\infty)$.

بۇ فورمۇلاغا سەل تۇرۇپ ئۆتەيلى. ھازىر دېگىنە دىئاننا، گۈللەر ھازىر ئېيتىۋاتقان ناخشىنى ئاڭلىيالىدىڭمۇ؟

— سىز بۇنى ئوبدان بىلىسىز، زەينەپ خانىم، مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم.

— قايسى ناخشىنى ئېيتىۋاتىدۇ؟

— ئاڭلىمىدىم دېدىمغۇ.

— شۇنداقمۇ بولسۇن، بىر ناخشىنىڭ ئىسمىنى دېمەسەن، بەلكى توغرا تاپامسەن تېخى.

زەينەپ خانىمنىڭ ئۆزىنى قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى سەزگەن دىئاننا:

— خوپ، — دېدى، — كات ستىۋېنسىنىڭ «بۇزۇلدىغۇ سەھەر جىملىقى» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ دەي.

— سىېنىڭچە بۇ پەرىزىڭ توغرا چىققانمىدۇ؟

— تەبىئىيكى، ياق.

— كەل، قىزىم، ساڭا يەنە بىر پۇرسەت بېرەي، يەنە بىر-نى سىناپ باق.

— ھىم، داھا دوغۇلىنىڭ ناخشىسى قۇلىقىڭىزغا خوپ يا-قارمىكىن؟ راشىد تاھانىڭ «ياريار»سىچۇ؟

— ئەمدى دە، بۇ نۆۋەت تاپقانسەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ياق! چۈشەنمىدىم، زادى نېمە قىلماقچىسىز، زەينەپ خانىم؟

— ئەمدى سېنىڭ ئىستاتىستىكا بىلىمىڭنى سىناپ با-قاي. گۈلنىڭ ناخشىسىنى توغرا تېپىش ئېھتىماللىقىڭ قانچە بولۇشى مۇمكىن؟

— ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

— توغرا. ئېيتىلغان ناخشىنىڭ سانىنى جاۋابى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان سانغا بۆلسەك، پەرەز قىلىپ تېپىشى-مىز مۇمكىن بولغان ناخشىنىڭ ئېھتىماللىقى چىقىدۇ. ئېيت-تىلغان ناخشا پەقەت بىر. ھازىرغا قەدەر، دۇنيانىڭ تامامى بو-لۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى، نەچچە يۈز تىلدا، مىليونلىغان سەنئەتكار تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ناخ-شىلارنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، جاۋاب مۇمكىنچىلىكى نەچچە تىرلىيوندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمدى بۇنىڭغا تېخى يېزىلمىغان، ئەمما گۈللەر ئۆزلىرى كۈيلەيدىغان ناخ-شىلارنى قوشساق، جاۋاب مۇمكىنچىلىكىنى پەقەت "چەكسىز" دېيەلىشىمىزلا مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا، ناخشىنى پەرەز قىلىپ توغرا تېپىش ئېھتىماللىقىمىز: "بىر بۆلۈنگەن چەكسىز" بولىدۇ. مانا بۇ گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئۆ-

گىنىشتىن بۇرۇن ئىسمىمىزدە چەك ساقلاشقا تېگىشلىك فور-مۇلادۇر. ئۇنداق بولسا ئەمدى دە، دىئاننا، بىرنى چەكسىزگە بۆلسەك قانچە؟

— نۆل، ئىسمىدە قېلىشىچە...

— توغرا، ئەمما بۇ نورمال بىر نۆل بولسا ئىدى، گۈللەر-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالاش ئېھتىماللىقىمىز ئەسلا بولمىغان بولاتتى. بىرنى چەكسىزگە بۆلسەك "ئالاھىدە نۆل" چىقار.

— ئالاھىدە نۆل؟

— ماتېماتىكا سەۋىيەڭنىڭ مەندىن ئېشىپ چۈشىدىغانلى-قىدىن گۇمان قىلمايمەن، دىئاننا. ئەمما بۇ فورمۇلانىڭ ماتې-ماتىكىلىق قىممىتى ھەققىدە يەنە ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قو-ياي. بىز بىرنىڭ ھەرقانداق بىر سانغا بۆلۈنۈشىنى كۆرۈپ باقايلى... ھە، بىرنى بۆلىدىغان رەقەمنىڭ قىممىتى ئاشقان-سېرى، تەڭلىكتىكى، يەنى بىرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدىغان بۆلۈنمىدىكى نۆلنىڭ سانىمۇ شۇنچە ئارتىپ بارىدۇ. يەنى بۇ-نىڭ جاۋابى — نۆل پۈتۈن x x ، ياكى ...0.000000 شەك-لىدە كېتىۋېرىدۇ. ئەمما بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنمىگىنى بىلەن، جاۋابنىڭ، يەنى ئاشۇ چەكسىز نۆللەرنىڭ ئەڭ ئاخى-رىسىدا ھامان بىر "1" مەۋجۇتتۇر. جاۋابى نۆل، ئەمما ھەر-قانچە چەكسىز داۋاملاشسىمۇ ھامان "1" بىلەن ئاخىرلىشىدى-غان ئالاھىدە نۆلدۇر. مانا بۇ بەك مۇھىم، دىئاننا. چۈنكى بۇ جاۋاب بىر تەرەپتىن ناخشىنىڭ بىز پەرەز قىلىۋاتقان جاۋابى-نىڭ توغرا بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ نۆل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشىنىڭ ئىسمىنى توغرا تې-پىش ئىمكانىيىتىمىزنىڭ ھامان مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

سەندىن گۈللەرنىڭ قايسى ناخشىنى ئېيتىۋاتقىنىنى سو-رىغىنىمدا سەن ناھايىتى توغرا جاۋاب بېرىپ، بىلمەيدىغانلى-قىڭنى ئېيتتىڭ. نېمىشقا؟ چۈنكى بىلمەيدىغىنىڭنى بىلەت-تىڭ. بەش ئەزايىڭغا تايىنىپ بۇ جاۋابنى تاپالمايتتىڭ ۋە جاۋاب ئېھتىماللىقى چەكسىز بولغان بۇ سوئالنىڭ نەتىجە-سىنى پەرەز قىلىپ يۈرۈشىڭنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان ئىدىڭ.

بىز ھەقىقىي توغرا ناخشىنىڭ ئىسمىغا پەرەز - تەخمىن بىلەن ئەمەس، پەقەت "شاھىت"لىق مەقامى بىلەنلا يېتەلەيمىز. شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال گۈللەرگە قۇلىقىمىز بىلەن ئەمەس، قەلبىمىز بىلەن يۈزلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىشىمىز لازىم.

ھەرقانداق بىر ئىنسانىنىڭ قەلبى تۇغۇلۇشىدا بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگىدۇر، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلب بارا - بارا پاك بولۇپ، گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماس ھال-غا كېلىپ قالىدۇ. گۈللەرنىڭ ناخشىسىغا "شاھىت" بولۇشنى ئارزۇلىغان ھەرقانداق ئادەم ئاۋۋال چوڭ بولۇش جەريانىدا قولدىن چىقىرىۋەتكەن ئاشۇ ئىقتىدارنى قايتۇرۇپ كەلمىكى لازىم. بۇنىڭغا گۈللەرگە تەلپۈنۈش، گۈللەرنى سۆيۈش ۋە بۇ سۆيگۈنى ئاسراش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ.

باغقا قەدەم باسقان دەسلەپكى كۈنلىرىمىزدە بەلكى گۈل-لەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولالماسمىز. ئەمما ئۇ-مىدسىزلىككە پاتماسلىقىمىز كېرەك. كاللىمىزغا كىرىۋالغان ھەرقانداق شۈبھە، گۇمان باغدا بىز ئۈچۈن دۈشمەندۇر. تاغنى ئويلاپ باق... تاغنىڭ چوققىسىدىكى مەنزىرە شۇ قەدەر گۈ-

زەل، ئۇ يەرگە بەكلا چىققۇڭ بار، ئەمما چوققىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېگىزلىكى تۇپەيلىدىن ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ "ئۇ يەرگە قانداقمۇ چىقىپ بولارمەن" دەپ ۋاز كېچىسەن. ۋاھالەنـ كى، تاغ چوققىسىغا چىققانلارنىڭ قەدىمىمۇ سېنىڭكىدىن ئەسلا چوڭ ئەمەس. ئەمما ئۇلار ئاشۇ كىچىك قەدەملىرىنى توختاۋسىز يۆتكەشنى بىلىدىغانلاردۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى روياپقا چىقىرىدىغىنى مۆجىزە ئەمەس، بوشاشماس روھ، قەتئىيلىكتۇر. سۇنىڭ تېك قىيانى تەشتۈرگىنى شۇ روھتۇر، 21 ـ ئەسىردە ئىنسانلارغا گۈلنىڭ پىچىرلىشىنى ئاڭلاتقىنىمۇ ھەم.

گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنسەكلا ئۇنى چوقۇم ئاڭلىيالايمىز. بۇ تامامەن مۇمكىن، چۈنكى چەكسىز كەتكەن ئاشۇ نۆللەرنىڭ كەينىدە ھامان سىرلىق "1" مەۋجۇت! يوقلۇق پايانىغا چەكسىز شۇڭغۇيالىساق، ئۇ "1" گە شەكسىز يېتەلەيمىز.

— ناۋادا گۈللەر گەپ قىلمىسىچۇ؟ — دەپ سورىدى دىـ ئاننا، — گۈللەر ھېچقانداق ناخشىمۇ ئېيتمىغان بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئېھتىماللىقىنى مەن سىزگە دەي، زەينەپ خانىم، گۈلـ لەرنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ سانى نۆل بولسا، فورمۇلا — نۆل بۆلۈنگەن چەكسىز، يەنى، نۆل بولىدۇ ۋە ھەمدە بۇ قانداقتۇر "ئالاھىدە نۆل" ئەمەس، ئادەتتىكىچە، تۇپتۇز، سىيدام، يوغان نۆل! يەنى ناخشا دەيدىغان نەرسىمۇ، ئۇنى ئاڭلاش ئېھتىماللىقىمۇ نۆل بولىدۇ، نۆل!

— توغرا، — دېدى زەينەپ خانىم، — يول ئىككى، بىرى مۇشۇ يەردىن باشلىنىپ، مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشار؛ يەنە بىرى

بولسا چەكسىزلىككە چەكسىز سوزۇلار. "گۈللەرنىڭ سۆزلىدىشىنى ئىشىنەمدىم؟" دېگەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقىنىمىزدا بىز بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىغان بولىمىز. بۇ سوئالنىڭ "ھەئە" يا "ياق"تىن ئىبارەت ئىككىلا جاۋابى بار، ئۈچىنچى خىل جاۋاب مەۋجۇت ئەمەس. "ھەئە" دېگۈچىلەرگە "ئالاھىدە نۆل"، "ياق" دېگۈچىلەر ئۈچۈن سەن تىلغا ئالغان "ئادەتتىكى نۆل" ھازىردۇر. شۇڭا "ياق" دېگۈچىلەرنىڭ گۈللەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنى ئاڭلاش مەقسىتى يوق. ئۇلار قۇلىقى سېزەلەيدىغان تىترەشلەرنى ئاڭلىسىلا كۇپايە، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى پىنھان ئاۋازلار ئۇلار ئۈچۈن بەربىردۇر.

— ئۇنداقتا قايسى جاۋابنىڭ توغرىلىقىغا كىم ھۆكۈم قىلىدۇ؟

— قايسى جاۋابنىڭ توغرىلىقىنى زىغىرلاش مۇھىم ئەمەس، دېئاننا. مۇھىمى سېنىڭ نېمىگە ئىشىنىشىڭ. ئۆزۈڭدىن "مەن قايسىسىغا ئىشىنىمەن؟" دەپ سورا. ئىش شۇنچىلىك ئاددىي. ئەگەر "گۈللەر سۆزلەشمەس" دەپ جاۋاب بەرسەڭ، ئۇمۇ خوپ، ھېچكىم سېنى ئەيىبلىمەيدۇ. گۈللەرنىڭ سۆزلىشىدىغىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار بولغاچقىلا ئۇلارنىڭمۇ تىلى بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلار مەۋجۇتتۇر... كېچە بولغاچقا كۈندۈز، كۈندۈز بولغاچقا كېچە كېلىپ چىققان. "كېچە گۈزەلمۇ، كۈندۈزمۇ؟" دەپ سورالسا، سەن قايسىسىغا تۇرىسەن؟ ئۆزۈڭدىن "گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىشىمغا ئىشىنەمدىم - يوق؟" دەپ سورا، دېئاننا.

شۇنداق، ئۆزۈڭنى بۇ سوئالدا سوراقلاپ باق. جاۋابىڭنىڭ

ئېنىق "ياق" بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىسەڭ، باغقا كىر-مىسەڭمۇ؛ ئۇ يەردە ئۆزۈڭنى بىر ئىشلارغا زورلاپ نادامەت چەكمىسەڭمۇ؛ مەغلۇبىيەتتىن ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ يۈرمى-سەڭمۇ؛ مېنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمغا قۇلاق سالمىساڭمۇ؛ "گۈل-لەرنىڭ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىسام بولاتتى" دەپ ھەپىلەپ، ئايلاپ، ھەتتا بەلكى يىللاپ بىر توپ گۈلنىڭ تۈۋىگە مۈكچى-يىپ ئولتۇرۇپ ساقلىمىساڭمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھەممە ئىش راھەت، بەلەنلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق قاق پودا باغقا كىرىش-نىڭ ئورنىغا، كۈنبويى ئارامخۇدا ئۇخلىيالايسەن. قانداق، بۇ خۇشياقىدىغان ئىشمىكەن؟

زەينەپ خانىم سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ھەممىسى گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغىنىڭغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكىڭگە باغلىق. ئويلاپ باق، گۈللەرنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىرەيلەن ئۇچۇن قايسىسى بەكرەك مەنىلىك تۇيۇلار؟ ئۇيقۇمۇ ياكى گۈللەرنىڭ ناخشا ياڭرىتىشىغا بولغان ئۈمىد - ئىستەك بىرلە تاڭ پەيتىدە ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىشمۇ؟ ئەمدى ئېيت، دى-ئاننا، سەن "ھەئە، گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز" دېگۈ-چىلەردىنمۇ؟

زەينەپ خانىم دىئانانىڭ جاۋابىنى بىر دەم ساقلىدىيۇ، ئۇنىڭ سۈكۈتىنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇ-رۇۋەردى:

— بىلدىم، دىئاننا. سەن ئىشەنگەچكە بۇ يەرگە كەلگەن.

— مەن ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدىم.

— ئەمما مەن ئاڭلىشىم كېرەك بولغان جاۋابنى ئاڭلىد-

دىم، دىئاننا. بەزىدە سۆكۆت يۈزلىگەن قەسەمدىنمۇ بەك ئىد-شەنچلىك كېلىدۇ.

دىئاننا يەنە ئۇنىسىز تۇرىۋەردى.

— ئەمما گۈللەرنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ نېمە توغرۇلۇق كۈيلەۋاتقىنىنى بىلىشىڭگە يەتمەيدۇ. بۇنى بىلىشنىڭ ئىككى يولى بار، بىرى ئۇنى ئۆزۈڭ ئاڭلاش، يەنە بىرى ئۇنى ئاڭلىيالايدىغان بىرىگە قول بېرىش.

ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆز قۇلاق بىلەن تىڭشىغانغا يەتمەيدۇ. گۈلنىڭ كۈيىگە ئىلاھىي نىدا مۇجەسسەمدۇر. ئۇ سېنى ۋۇ-جۇدۇڭدىن ئايرىپ، يۇكسەكلەرگە كۆتۈرىدۇ ۋە گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىغا تويۇندۇرۇپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا خۇش پۇراق گۈلدىن ئەمەس، سېنىڭ قەلبىڭدىن تارقىلىدۇ. چۈنكى سەن بۇ چاغدا گۈلگە مەسئۇل بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدى-غانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولىسەن.

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى دىئاننا، — ماريي دادىسى-غا قالدۇرغان خوشلىشىش خېتىدە خۇددى مۇشۇنىڭدەك بىر گەپنى، يەنى گۈلگە مەسئۇل بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرد-دىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەچكە ئۆيدىن ئايرىلغانلىقىنى يې-زىپتىكەن. بەلكى ئۇ شۇ چاغدا سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

دىئاننا بىر ھازا خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن زەينەپ خانىمنىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قاراپ:

— ماريي خېتىدە سىزنى "بىلىدىغان بىرى" دەپ تىلغا ئاپتىكەن، — دېدى، — سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقسام،

يەنى بەش ئەزايىمىز بىلەن سېزەلمەيدىغان، شۇنداقلا گۈل بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز...

— ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

— قانداق بىلدىڭىز؟

— مارىيىنىڭمۇ مۇشۇنى بىلگۈسى بار ئىدى. سەنمۇ مارىيەدەك قىل، دېئاننا. ئۇ بۇ يەردىكى چېغىدا پەرۋەردىگارغا يېلىناتتى ۋە ئانىسىنىڭ دېرىكىنى ئىزدەيتتى. ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەمما ئاللاتائالا ئاناڭغا نېمە بولغىنىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئاللادىن سورا، جاۋابىنى ئالارسەن. ھەم ئۇنتۇمىغىنكى، پەرۋەردىگاردىن سەن ئۈن - تىنسىز ئاڭلىيالمىغان بىلەن، ئۇ سېنى ھەر زامان بىلىپ، ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

دېئاننا قايىل بولمىغاندەك بىر تەرزدە زەينەپ خانىمغا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ ياراتقان بەندىلىرىنى ئۆزىدىن ۋە ئۆز مەرھەمىتىدىن خەۋەرسىز قالدۇرماس دەرىجىدە كاتتا زاتكى، ئانىسىدىن خەت - خەۋەر كۈتۈپ، زارىقىپ تۇرغان بىغۇبار بىر قىزنى جاۋابسىز قالدۇرماس. بەزى كىشىلەر ئۇ شۇ قەدەر بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ، شۇڭا بىز ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئۇششاق - چۈشەك ئىش - كۈشلىرىگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ بولالماس دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ دەل ئەنە شۇنداق بۈيۈك مەرھەمەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئەڭ ئۇششاق، ئەرزىمەس ئىشلىرىمىزغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگۈسىدۇر.

زەينەپ خانىمنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— ئۇ بىزگە كۆيۈمچاندۇر، دېئاننا. يەنە كېلىپ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە بىزگە رەھمەت قولىنى سۇنار. ئۇ دېئانناغا

مېھرىباندۇر، مارىيغا، زەينەپكە شەپقەتلىكتۇر. ھەر بىرىمىز-گە ئايرىم - ئايرىم، ئالاھىدە پاسىباندۇر. ئۇ ھەر زامان بىز بىلەن بىرگىدۇر؛ بىز بۇنى ھېس قىلىش ئۈچۈن بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشىمىز لازىم. مارىي پەرۋەردىگارنىڭ ھەر زامان ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاچقا، ئانى-سىنى ئۇنىڭدىن سورىغان ئىدى.

— مەنمۇ سورىدىم، زەينەپ خانىم. ئانامدىن ماڭا بىرەر خەۋەر بەرسىكەن دەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدىم، يېلىندىم، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچبىر سادا كەلمىدى. ئۇنداق دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى، لېكىن كەچۈرۈڭ، دېيىشكە مەجبۇرمەن، بەلكى پەرۋەر-دىگار بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەرسىزدۇر...

— ئۇ بىزنى جاۋابسىز قالدۇرمايدۇ، دېئاننا. بەلكى ئۇ جاۋابىنى ئوخشىمىغان شەكىللەردە يوللايدۇ. بەزىدە بىر چۈش ئارقىلىق، بەزىدە گۈل، بەزىدە بىر ئانا ۋاستىسى بىلەن... بەزىدە ھەتتا بىر تىلەمچى ئارقىلىقمۇ...

— تىلەمچى؟

— خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن، قىزىم؟

دېئاننا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. بۇنىڭ مۇنداقلا تەسا-دىپىي ئۇدۇل كېلىپ قېلىش ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۇ-رۇشكە تىرىشىپ، كۆزىدىكى چۆچۈش ئىپادىسىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى - دە، زەينەپ خانىمغا "سۆزلەۋېرىڭ" دېگەن مەنىدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى.

— خۇددى ساڭا ئوخشاش، مارىيمۇ تا ھازىرغىچە ئانىسى-دىن بىرەر خەۋەر ئالالمىدى. ئەمما ئۇ ھامان ئالىدۇ! يەنە كې-لىپ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئەمەس، ئانى-

سىنىڭ ئۆزىدىن ئەسلا ئايرىلمايدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئالدۇ.

— قانداقسىگە؟ — دەپ سورىدى دىئاننا تىترەك ئاۋازدا.

— ئاللاتائالا ئىرادە قىلسا ھەممە ئىش يۈز بېرىدۇ، دې-ئاننا. ئۇ مارىيغا ئانىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۇچۇن ئاتمىش يەتتە يىل مۇقەددەم بىر ئايال بې-لەن بىر ئەر بىر - بىرىگە مېھىر قويۇپتۇ ۋە تۇرمۇش قۇرۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن بىر قىز بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئې-چىپتۇ. دوختۇرلار بالدۇر تۇغۇلغان بۇ بوۋاقنى ئەي بولالماي-دۇ، دېيىشىپتۇ، ئەمما بوۋاق بارا - بارا ئەتلىنىپ، ياخشىلى-نىپتۇ ۋە ساغلام چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ... ئۇزۇن يىللار ئۆ-تۈپ، كېلىشكەن بىر ئايالغا ئايلانغان ئۇ قىز، يىراق ئۆلكى-لەرگە قىلغان بىر قېتىملىق ساياھەتتە ياشانغان بىر باغۋەن بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ، باغۋەن ئۇنىڭغا گۈللەر بىلەن پاراڭ-لىششنى ئۆگىتەلەيدىغانلىقىنى دەپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا ئىشى-نىپتۇ ۋە كېيىنكى يىگىرمە يىلغا يېقىن جەرياندا گۈللەر بى-لەن سىردىشىش ماھارىتىگە زېھىن قويۇپ كەپتۇ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت تارتىپتۇ، ئاشۇ مەجنۇنلۇقى (!) تۈپەيلى ئېرى ئۇنى تەرك ئېتىپ كېتىپتۇ، ئايال ياشاۋاتقان شەھەر-گە سىغماپتۇ ۋە ئاخىرى ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كېلىشكە مەج-بۇر بولۇپتۇ. بۇ يەردىن باغ - قورۇلۇق بىر داچىنى سېتىۋې-لىپ، گۈللەر بىلەنلا مەشغۇل بولۇشقا باشلاپتۇ. بىر مەزگىل-دىن كېيىن، باغۋەن ئۇنىڭ قەلبىگە تېرىغان ئۇرۇقلار ئاخىرى بىخلىنىپ، گۈللەر بىلەن سىردىشالايدىغان بولۇپتۇ.

زەينەپ خانىم توختاپ دىئاننانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە باقتى.

— بۇ ئىشلارنى ۋە ئۇنى چۆرىدەپ يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، دىئاننا؟ ئاللاتائالا گۇل ۋاسىتىسى بىلەن مارىيغا ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىشنى ئىرادە قىلغاچقىلا بۇ ئىشلار يۈز بەرگەن. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر زەينەپ دۇنياغا كەلگەن، بىر باغ بەرپا قىلىنغان ۋە بىر گۇل پورەك ئاچقان...

زەينەپ خانىم ھەقىقەتەن پاساھەتلىك سۆزلەيدىكەن، دەپ ئويلىدى دىئاننا. ئەمما دىئاننا بۇلارنى مارىينىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش قىياسقا تايىنىپ قىلىنىۋاتقان گەپلەر، دەپ چۈشەنگەچكىمۇ، ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمىدى.

— خوش، — دېدى زەينەپ خانىم، — مۇقەددىمىمىز، ماتېماتىكا ئۆگىنىشىمىز موشۇنچىلىك بولسۇن. گېپىم ئاغرىپ كەتتى، سەنمۇ يېرىم سائەت دەم ئېلىۋال. 33 مىنۇتتىن كېيىن مەشەدە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ. ھە راست، سورىۋالاي، گۇللەر قايسى ناخشىنى ئېيتىۋاتىدۇ؟

— بۇنى ساڭا دەپ بېرەلمەيمەن، دىئاننا، — دېدى زەينەپ خانىم، — دەپ بەرسەم ئەستايىدىل قۇلاق سالمايسەن.

## 29

دىئاننا ئورۇندۇقنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە، زەينەپ خانىم ئۇنىڭغا:
— ئاۋۇ قۇدۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ بېشىڭنى ئوبدان يۇيۇپ كەل، دىئاننا، — دېدى.
— بېشىمنى تېخى ئەتىگەنلا يۇيغانتىم.
— بىلىمەن، ئەمما يەنە بىر قېتىم يۇيۇپ كەل، قىزىم.
دىئاننا مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سۇ مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، ئۇستىبېشىنى بىردەمدە ھۆل قىلىۋەتتى. ھەرنېمە بولسا قىش بولۇپ قالماپتىكەن، شۇنداقتىمۇ سەھەرنىڭ سوغۇقى ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن تىترىتىۋەتتى. چېچىنى تۇرمەكلەپ سىقىۋەت-كەندىن كېيىن، ئەدەپلىك ئوقۇغۇچىدەك سىپايە ھالدا زەينەپ خانىمنىڭ قېشىغا كەلدى.
— بېرىپ ئاۋۇ قۇدۇقتا بېشىڭنى ئوبدان يۇيغاندىن كېيىن قېشىمغا كەل، دىئاننا، — دېدى زەينەپ خانىم.
دىئاننا دەماللىققا قانداقتۇر تونۇش تۇيغۇنى سەزدى.

تەكرارلانغىنى دېيىلگەن گەپ ئەمەس، بەلكى زەينەپ خانىمنىڭ چىرايىدىكى ئىپادە ئىدى. دېئاننا ھېچنېمە دېيەلمەستىن ئو-رۇندۇقتا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما زەينەپ خانىمنىڭ قەتئىي قارشىغا ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلمەي، قۇدۇقنىڭ قېشىغا قايتىدىن بېرىپ چېچىنى يەنە يۇيدى. ئۇ ئورۇندۇققا قايتىپ كېلىۋېتىپ، زەينەپ خانىمنىڭ ئوخشاش ئىشنى يەنە قايتىدىن قىلدۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ كەتتى.

— مانا ئەمدى بولدى، — دېدى زەينەپ خانىم، — ئەمدى دەرسىمىزنى باشلايمىز. ھە راست، ئۇنتۇپ قالماي دەپ قو-ياي، بىرىنچى سائەتلىك دەرسىمىز كۆڭۈلدىكىدەك داۋاملاشسا، كېيىنكى سائەتلىك دەرستە ساڭا بىر ھەيرانشادلىق بار.

— ھە؟ نېمە ھەيرانشادلىق؟

— ھەيرانشادلىق دېدىميا؟

— چۈشەندىم. ھە راست، سورىۋالاي، باغدا سوئال سورد-سام بولامدۇ - يا؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئەمما شۇنى دەپ قوياي، مەقسىتى-مىزگە يېتىش ئۈچۈن ئەتكەن - قىلغان ئىشلارنىڭ ۋەج-سەۋەبىگە ئېسىلىۋېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە تۇرغانلى-قىڭنى ئۇنتۇمىساڭلا، بالدۇر بولسۇن يا كېيىن، ھامىنى سو-ئاللىرىڭنىڭ جاۋابىنى تاپالايسەن. باغقا قەدەم تەشرىپ قىل-دۇقمۇ، ئۆگەنگۈچىمۇ، ئۆگەتكۈچىمۇ ئۆزۈڭسەن، دېئاننا... جىمى سوئاللارنىڭ جاۋابى سەندە. دېدىمغۇ، بىر چاغلاردا گۈل-لەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ئىقتىدارى ئىلكىڭدە ئىدى. مەن بۇ يەردە پەقەت ساڭا ئۇنتۇغانلىرىڭنى ئەسلىتىشكە تىرىشىمەن، خالاس. گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ئاسان، بەك ئاددىيدۇر.

قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشىڭ — يا ئۇنتۇغانلىرىڭنى ئەسلەش، ياكى ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئۇنتۇش.

— ماڭا باياتىن نېمىشقا چېچىمنى قايتا يۇيغۇزغانلىقىڭىزنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— باغقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر سوئال بىر تال ئۇرۇقتۇر، دېئاننا. ۋاقىت ئۇنى بىخلاندۇرىدۇ، غۇنچىلىتىپ، ئېچىلدۇرىدۇ. ساڭا ئەھدە قىلىمەنكى، تاڭ سەھەردە چېچىڭنى كېيىنى - كەينىدىن ئىككى مەرتەم يۇيغىنىڭ ھاياتىڭنىڭ ئالەمچە ئىسىگىدىن چىقماس. يۈز بىرىدىغان ئىشنى توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ۋە ئاشۇ ئىش ئەڭ ئاخىرىدا سېنى سەن ئىزدەۋاتقان جاۋابقا ئاپىرار. ئەمما بۇ قېتىم ساڭا بۇنىڭ جاۋابىنى دەپ بېرەي. مەن بېشىڭنى، چېچىڭنى قايتا - قايتا يۇيغۇزدۇم، چۈنكى ئۇ چاچ، ئۇ باش دېئانناغا مەنسۇپ ئىدى.

— دېمىسىڭىزمۇ مەن دېئانناغۇ.

— كەچمىش - تەرجىمىھاللىرىڭنى پۈتۈنلەي كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلاش ھەققىدە دېيىشكەنتۇققۇ؟

— بېشىمنى ئىككىنچى قېتىم يۇيۇشۇم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ئەمىسە؟

— بىرىنچى قېتىم بېشىڭنى يۇيغىنىڭدا دېئانناناڭ چېچىدىن قۇتۇلدۇڭ، لېكىن چېچىڭغا شەكىل بەرگۈچى ئېڭىڭ تېخىچە مەۋجۇت ئىدى.

— ئىككىنچى قېتىم يۇيغىنىمدا دېئانناچە پىكىر قىلىشتىن قۇتۇلدۇم، شۇنداقمۇ؟ — دېدى دېئاننا ئىستېھزالىق كۈلۈمسىرەپ، — ئەدەپسىزلىك قىلغۇم يوق، ئەمما كەچۈرۈڭ، بۇ قىلىۋاتقانلىرىڭىز قىيقىزىل شەكىلۋازلىق.

ــ ھەقلىقسەن، دىئاننا. قوْدوْقتىن چىققان سوْ بىلەنلا ئوْ ئاڭ، كوْز قاراشلاردىن تەلتوْكوْس قوْتوْلغىلى بولمايدوْ، بوْنىسى راست. ئەمما بوْ بىر سىمۋول. ئوْ ھازىرچە ئوْنىسىز، تىۋشسىز تۇرغىنى بىلەن ھامان بىر كوْنى ساڭا گەپ قىلىدوْ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوْ قەلبىڭدىكى بىر ئىزدوْر، ھازىرچە غوْۋا، خىرە، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە روشەنلىشىدوْ. بوْ ھال بەلكى سەن تەكتىگە يەتكەن ئىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىڭدا؛ ياكى ھاياتنىڭ بىر پەلەمپەيگە ئوخشايدىغانلىقىنى، يوْقىرى ئۆرلەش ئوْچوْن كەينىدە قېپقالغان مەنزىللەرگە قايتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان چېغىڭدا يوْز بېرەر...

دىئانانىڭ باغقا كىرگوْسى كېلىپ كەتكەچكىمو باشقا سوئال سورىمىدى.

# 30

دىئاننا بېشىنى خېلى ئېگىپ مېڭىپمۇ يەنە ئىشىككە ئۇ-سۇۋالدى. ئىشىكنىڭ ئۇ قېتىدا ھەقىقەتەن بىر باغ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئەتراپ سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرىدا سۈس ھال رەڭ تۇمانغا پۈركۈنگەن ئىدى. تۇمان باغدىكى رەڭ جۇلاسىنى يېپىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈلكەت، جەزبە ئاتا قىلغان ئىدى.

يەرگە ياتقۇزۇلغان ئالتە تەرەپلىك تاشلار گۈللەرنىڭ ئا-رىسىدىن باغنىڭ ئىچكىرىسىگە سوزۇلغان تار يول ھاسىل قىلغان ئىدى. گۈللەر سۈس تۇماندا بېشىدا ۋىچىرلاپ سايراپ تۇرغان قۇشلارنىڭ ناۋاسىغا جور بولغان ھالدا ئىككى يانغا يەڭگىل تەۋرىنەتتى. باغنىڭ جىمجىتلىقىنى سايراپ تۇرغان قۇشلار بىلەن مەرمەر كۆلچەكتىن شىرقىراپ چۈشۈپ تۇرغان سۇنىڭ شىلدىرلىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

چوڭقۇر ئالغان نەپەس بىلەن تەڭ ئىچ - باغرىغا گۈپۈلدەپ كىرىپ كەلگەن گۈل پۇرىقى دىئاننانى ئۆزگىچە بىر غايىۋى دۇنياغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە ھاياجانلىق تەبەسسۇم

تېپىپ چىقتى، كۆزىنى يۇمدى ۋە خېلىغىچە شۇ پېتى تۇرۇپ ھاۋانى مەستخۇشلارچە سۇمۇردى.

زەينەپ خانىمنىڭ ئايىغىنى سېلىپ يالاڭئاياغ مېڭىشى دىئاننانى غايىۋى دۇنيادىن تارتىپ چىقاردى.

— قېنى، ماڭا ئەگەش، قىزىم.

دىئاننا قۇدۇققا ماڭغاندەك بىر ھالدا ئايىغىنى سالدى.

— بىلىمەن، سورىغىنىمنىڭغۇ پايدىسى يوق، ئەمما يەنە سورىغۇم كېلىدۇ، زەينەپ خانىم، نېمىشقا توپىغا يالاڭئاياغ دەسسەيمەن؟

— گۈللەر سوۋغىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن قېلىپ، سوۋغا بەرگۈچىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشتىن بەك قورقىدۇ.

— ھە، توغرا! بۇنى نېمىدەپ ئويلىمىغاندىمەن؟

— گۈللەر گۈزەللىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۇپراققا قەرزدار ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايدۇ، — دېدى زەينەپ خانىم، — گۈل ھامان بىر كۈنى سولىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇرۇق بولۇپ يەنە تۇپراققا قايتىدىغانلىقىنى ۋە ئەسلىنى ئۇنتۇمىغان گۈللەرنىڭ ئۇرۇقىنى تۇپراقنىڭ ئۆز قويىنىغا ئالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىزمۇ توپىغا يالاڭئاياغ دەسسەش ئارقىلىق گۈللەرگە ئۆزىمىزنىڭ تۇپراقنى، زېمىننى ئەستىن چىقارمىغانلىقىمىزنى بىلدۈرگەن بولىمىز. بۇ گۈللەرنى مەمنۇن قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

زەينەپ خانىم پۈتنى توپىدىن كۆتۈردى.

— ھازىرغىچە قىلغان گەپ ـ سۆز، ئىش ـ كۈشلىرىمىز گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش سەپىرىمىز ئۈچۈن كۆرگەن ھازىرلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىز، ئۆزىمىز بىلەنلا

ئالاقىدار. ئەمدى باغقا كىردۇقمۇ، ئۆزىمىزنى پەقەت گۈللەرگىلا بېغىشلىشىمىز لازىم. ئەقلىمىز، قەلبىمىز، روھىمىز، جىمى نەرسىمىزنى گۈللەرگە تاپشۇرىمىز... تەييارلىقىڭ پۈتكەن بولسا باشلىدۇق، قىزىم؟

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

— گۈل توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسەن، دىئاننا؟

— سىز سورىماقچى بولغان مەزمۇندا بىلىدىغىنىم يوق دېيەرلىك، زەينەپ خانىم.

— خوپ، ئوبدان باشلىنىش. ئەمىسە ساڭا گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنىڭ زەر مىزانىنى سۆزلەپ بېرەي.

— زەر مىزان؟

— زەر مىزان شۇنداق دەيدۇ: ئاۋۋال بىر گۈلنى چۈشەن.

زەينەپ خانىم سول تەرىپىدىكى هال رەڭ گۈلنى بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سىلاپ قويغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىر گۈلنى يەنە بىر گۈل ئارقىلىق چۈشەنگۈلۈك. گۈلنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى مانا مۇشۇ.

ئۇلار باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن، زەينەپ خانىم ئۇشتۇمتۇت توختىدى ۋە بىر تۈپ سېرىق گۈلگە ئېگىشكىنىچە:

— نېمە بولدى ساڭا سارىگۈل[1]؟ — دەپ سورىدى، — يىغلىغىنىڭنى تۈنجى رەت كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بەخت گۈلزارىدا يىغلىغۇلۇقمۇ؟

---

[1] سارىگۈل — سارى، يەنى سېرىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز ئەسەردە پەقەت رەڭنىلا بىلدۈرمەستىن، ھەم پەسىلسىز گۈللەرنى، ھەم بۇ گۈلنىڭ ئۆز خاسلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەچكە، «سېرىق گۈل» تەرزىدە ئەمەس، «سارىگۈل» تەرزىدە تەرجىمە قىلىندى.

دىئاننا بولۇۋاتقان ئىشلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. گۈلدىن بىرەر ئاۋاز چىقمايۋاتاتتى، ئەمما زەينەپ خانىم گۈلنىڭ ئاۋازىنى گوياكى قەلب قۇلاقى بىلەن تىڭشاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنى تەستىقلاپ، ئارىلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇھ، كۆڭلۈمنى ئەزدىڭ، گۈلۈم، بىلمەپتىمەن، — دېدى زەينەپ خانىم گۈلگە، — مېھمىنىمىزغا خوپ كەلسە، ھېكايەڭنى باشتىن باشلاپ ئاڭلىغۇم كەلدى.

زەينەپ خانىم دىئاناغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— بۈگۈن سارىگۈلنىڭ كۆڭلى بەك يېرىمكەن... ئۇنىڭغا بىردەم ھەمراھ بولغاچ دەردىنى ئاڭلىساق قانداق دەيسەن، دىئاننا؟

— ھە؟ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغىنىمنى سىزمۇ بىلىسىز، زەينەپ خانىم.

— سەن ئاڭلىيالمىغان بىلەن ئۇ سېنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، دىئاننا. بىردەم قېشىدا ئولتۇرايلى، بولامدۇ؟

— ماڭا سەل غەيرىي تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ئەمما مەيلى، ئولتۇرساق ئولتۇرايلى.

دىئاننا زەينەپ خانىم كۆرسەتكەن يەرگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئاپئاق ئىشتىنى توپىغا مىلىنىپ، بۇلغىنىپ كەتتى، لېكىن بىر گۈلگە روھىي رىغبەت بېرىش ئۈچۈن بۇ تامامەن ئەرزىيتتى.

— سارىگۈلنىڭ سۆزىنى مەن شۇ پېتى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرەي، — دېدى زەينەپ خانىم، ئاندىن سارىگۈلگە بۇرۇلدى، — بۇ مارىينىڭ قوشكېزەك سىڭلىسى.

— سىزنى كۆرگىنىمدىن مەمنۇنمەن، — دېدى سارىگۈل زەينەپ خانىمنىڭ ئېغىزىدىن، — دەسلەپتە مارىيىمكى دەپ تىكەنمەن. ئەمما بۇلبۇل «ئۇ ئەمەس» دېدى.

— مەنمۇ كۆرۈشكىنىمىزگە خۇشالمەن، — دەپ سالام قايتۇردى دىئانىنا خۇددى ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا.

— قۇلىقىمىز سەندە، سارىگۈل، — دېدى زەينەپ خانىم گۈلگە بۇرۇلۇپ، — قېنى ئېيت، گۈلۈم، كۆڭلۈڭنى بۇنچە يېرىم قىلغىنى زادى نېمە؟

— بۇگۈن قەدىناس دوستۇم ۋىناسىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنى. مېنى ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ كۈنىدە بۇگۈنكىدەك قايغۇ باسىدۇ. بىلىمەن، سىز بېغىڭىزدا گۈللەرنىڭ شادىيانە تۇرقىنى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان، ئەمما كەچۈرسىز...

— ھېچقىسى يوق، سارىگۈلۈم. ئەڭ يېقىن دوستى ئۇچۇن ياش تۆكۈشمۇ خۇشاللىقنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. قېنى ئەمدى ئېيت، نېمە ئىش بولدى؟ سېنىڭ ئەزىز دوستۇڭ بولالىغان گۈل ئۆز پۇرىقىدىن قانداقسىگە ئۇنداق ئاسان ئايرىلىپ قالسۇن؟

— گەپنى نەسلىمىزنىڭ ئەڭ تۆرىدىكى تۇنجى خۇش پۇراقلىق گۈلدىن باشلىشىمغا توغرا كېلىدۇ، بۇ ھەم ۋىناس بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

— قېنى سۆزلە.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە، — دەپ گېپىنى باشلىدى سارىگۈل، — ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقى تارقىلىپ تۇرىدىغان بىر گۈل

ئۆستۈرۈشنى خالاپ قالغان سۇلتانىمىز، زېمىنغا سەلتەنەت ئەتىرىسىدىن سېپىپتۇ ۋە "گۈل مەڭگۈ سولمىسۇن" دېگەن ئويدا باغنى هاياتلىق ئىكسىرى بىلەن سۇغىرىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ گۈل ئېچىلغاندا، سۇلتان "ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن ئايرىلسا هېچقانداق پۇراق تارقىتالمايدىغىنىنى ئېسىدە چىڭ تۇتسۇن" دېگەن ئۈمىدتە، ئۇنىڭغا تاللاپ يۇرۇپ «يوقلۇق گۈلى» دەپ نام بېرىپتۇ. چۈنكى دۆلىتىمىزدە بىر گۈل پەقەت خۇش پۇرىقى بىلەنلا گۈل هېسابلىناتتى.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇش پۇرىقىدىن خەلقىمىز خەۋەردار قىلىشنى ئويلىغان سۇلتانىمىز گۈلنى ساراي سىرتىغا تىكىشكە ئەمىر قىپتۇ. ساراي بېغىدىكى هاياتلىق ئىكسىرىدىن مەھرۇم قالغان گۈل كۆنلەرنىڭ بىرىدە قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن كۆكلىگەن سان - ساناقسىز گۈللەر سۇلتانىنىڭ خۇش پۇرىقىنى دۆلەتنىڭ ھەممە بولۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قەدەر تارقىتىپتۇ...

ئاشۇ ئۇرۇقلاردىن ئۈنگەن ۋىناس بىلەن مەن — ئىككىمىز كىچىك بىر يېزا مەيدانىغا تىكىلگەن ئىدۇق. سۇلتانىمىزنىڭ خۇش پۇرىقىنى تارقىتىش ئۈچۈنلا ئېچىلاتتۇق ۋە پەقەت ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىغا تويۇنغىنىمىز ئۈچۈن قەدىرلىنىسەك دەپ تىلەيتتۇق.

يېزىدىكى ئادەملەر ئىككى خىل ئىدى: بىرى، "مارىيەدەكلەر"، يەنە بىرى "باشقىلار". "مارىيەدەكلەر" بىزنىڭ سۇلتانىنىڭ خۇش پۇرىقىنى تارقىتىۋاتقىنىمىزنى سېزەلەيتتى ۋە ئۇنى ناهايىتى قەدىرلەيتتى. "باشقىلار" بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ رەڭگىمىزگە، شاخ - پۇتاقلىرىمىزغا، بەرگى - يو-

پۇرماقلىرىمىزغا، ئىشقىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن تاشقى قىياپىتىمىزگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى.

بىر كۈنى سودىگەرلەردىن بىرى يېزىغا يالغان گۈل ئەكەلدى. ساختا، جانسىز، ھىدسىز، پۇراقسىز گۈل... يېزىدىكىلەرنىڭ بۇنداق سۈنئىي گۈلگە مەپتۇن بولۇپ قالارى، ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيتتى. ئەمما ئۇزۇنغا بارماي "باشقىلار" ئارىسىدا "سودىگەردە ئاجايىپ گۈللەر بارمىش. يو-پۇرماقلىرى يىپەكتىنمىش، رەڭگى پەقەت ئۆڭمەسمىش، تىكىنىمۇ يوقمىش" دېگەندەك گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى...

شۇنداق قىلىپ، سودىگەر بۇ يېزىدا خېلى مەزگىلگىچە گۈل ساتتى. ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ يېزا "ساختا گۈل يېزىسى"غا ئايلىنىپ كەتتى. "مارىيدەكلەر" بۇ ھالنى ئىچىگە سىغدۇرالماي بىر-بىرلەپ يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى. ۋىناس بىلەن مەن ئىززەتلىنىشنى كۈتۈش ۋە "باشقىلار"دىن ئىبارەت ئىككى يامان ئىشنىڭ ئارىسىدا قالدۇق.

ئۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ بىزنى كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتكە تاشلايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمىز. "باشقىلار"نىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىز ئاستا - ئاستا ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقىدىغان شەكىلدە ياساپ-تاراشقا باشلىدۇق. ئۇلار كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىمىزگە بەكرەك ۋاي دېگەنلىكتىن، ھىد - پۇرىقىمىزغا ئەمەس، تاشقى تۇرق - قىياپىتىمىزگە بەكرەك ئېتىبار بېرىدىغان بولدۇق. ساختا گۈللەردەك قەددىمىزنى تىك تۇتۇشقا تىرىشتۇق؛ يوپۇرماقلىرىمىزنىڭ تېز تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جان تىكىپ تىركەشتۇق؛ ئىچىمىز پۇشسا-

مۇ بەرگ ـ يوپـۇرماقلىـرىمىزغـا قورۇق چۈشۈپ قـالمىـسۇن دەپ، يىغلىـمىدۇق. ئېتىبـارسىز قالـغان خۇش پۇرىقىمىـز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېتىشكە باشلىدى...

"باشقىلار"نىڭ كۆزىگە ئۇز كۆرۈنىمىز دەپ شەكلىمىزنى، رەڭگىمىزنى توختاۋسىز ئۆزگـەرتەتتۇق. ئـۆس دېسە، ئۆسـەتـ-تۇق؛ بەرق ئۇرۇڭ دېسە، ئۇنىسىز ئىتائـەت بىلەن ئـۆزىمىزنـى كۆز-كۆز قىلىشقا ئالدىرايتـتۇق. بىزنـى ئاۋۋال ئۆزى خالـدـ-غانچە شەكىلگە كىرگۈزەتتى، ئانـدىن خۇددى دۇنيـادا بىزنىڭ تەڭدىشىمىـز يوقتەك مەدھىيە، قەسىدە ئوقۇشقا چۈشەتتى.

ۋاھالەنكى، ئوقـۇلۇۋاتقان ئـاشۇ مەدھىـيە، ئالقىـشلارنىـڭ بىزنى ئىچ ـ ئـىچىمىـزدىن خۇش قىـلالمايـۋاتقىنىـنى ھېـس قىلاتتۇق. ھـىد ـ پۇرىقىمىزنىڭ قەدرىنى بىلىدىغانلارلا بىزنى ھەقىقىي سۆيەلەيتتى. چۈنكى بىر گۈلنى گـۈل قىلىـدىغىنـى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ھىدى، خۇش پۇرىقى! "باشقىلار"نىـڭ بىزگە بـولغان ھېـسسىيـاتى پەقەت "ھـۆزۈرلىنىـش" ئىدىكـى، ئەسلا سۆيۈش ئەمەس ئىدى.

مەن بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. ۋىنـاس بولسا بـۇ ئەھۋالنى سەزمىگەندەك تۇراتتى. مـەن ئۇنى ئاگـاھلاندۇرۇشقـا تىرىشتىم. "باشقىلار"نىڭ قات ـ قېتىمىزغا يوشۇرۇنۇۋالغـان خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس قۇرت كەبى ھاياتىمىزنى خازان قىـ-لىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا: "دەرھال 'مارىيدەكلەر'نى تاپـ-قىلى بولىدىغان بىر يەرگە قېچىپ كېتەيلى" دېدىم. ئۇ ماڭـا قۇلاق سېلىشتا يوق، ھەتتا "سەن نورمال ئەمەسقۇ!" دېدى ئـەـ-جەبلىنىپ. بىرەر نەرسە دېيەلمىدىم، ئۇ توغرا دەيتتى. يېزىدا ساختا گۈل شۇنچە كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدىكى، گـۈلـ-

نىڭ ھىدسىز - پۇراقسىز بولۇشى ئاندىن نورمال ئىش ھې-
سابلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

مەن ۋىناسنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىمدا بىر توپ
چۇمۇلە يېنىمىزدا پەيدا بولدى - دە، ئالدىمىزدا چۆرىدىشىپ،
"ئۆزلۈكۈڭلاردىن مەھرۇم قىلغان 'باشقىلار'غا ئېتىراز بىلدۈ-
رۈڭلار" دېگەن خەتنى ھاسىل قىلدى. ۋىناس ئۇلارغا قەھرى
بىلەن قارىغىنىچە:

— لەنەتتەگگۈرلەر! ھەممە يەرگە يامراپتۇ بۇ نېمىلەر، —
دېدى.

ۋىناسنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەندىن
كېيىن ئۆز بېشىمنىڭ بولسىمۇ غېمىنى يېيىش ئويىغا كەل-
دىم. ئۇ يەردىن كېتەي دەپلا كېتەلمەيتتىم، قانداق قىلىشنى
بىلمەيتتىم. بىلىسىز، گۈللەردە پۇت يوق. شۇنداق قىلىپ،
مېنى ئۇ يەردىن قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان كىملەرنىدۇر
ساقلاشقا باشلىدىم.

ئاخىرى ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم ئاۋاق بىر بالا بىلەن
بىر بوز ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئەمما مېنى
ھەيران قالدۇرغىنى، ئاتا - بالىنىڭ ھارغىنلىقتىن ماڭغۇدەك
مادارى قالمىغان بولسىمۇ، ئېشەككە مىنمىگەن ئىدى.

ئۇلار ئۇدۇلىمىزدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى
تاشلاشتى.

— دادا، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ — دېدى بالا، — بۇنداق
كېتىۋەرسە ھەر ئىككىمىز ھېرىپ ئۆلىمىز...

— ئېغىزىڭنى يۇم! — دېدى دادىسى بالىنىڭ بېشىغا
بىرنى سېلىپ، — پىيادە ماڭسا ھارىدىغان گەپ مۇشۇنداق.

— لېكىن بىزنىڭ ئېشىكىمىز بار ئىدى، دادا. يەنە كې-
لىپ راۋرۇس كۆچى بار ئېشەك.
— ئېغىزىڭنى يۇم دېدىمغۇ ساڭا! بىلمەيدىغاندەك كاپشى-
ما. ئىككىلىمىز ئېشەككە مىنىپ ماڭساق، يولدىن ئۆتكەن -
كەچكەنلەرنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىڭغۇ! "قاراڭلار ئاۋۇ باغ-
رى تاشلارغا، بىچارە ئېشەككە ھەرئىككىسى قوشلاپ مىنىۋاپ-
تۇ" دېيىشمىدىمۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق بولدى، مېنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈۋېتىپ
ئۆزۈڭ يالغۇز راھەت مىندىڭ.
— ھە، سېنى چۈشۈرۈۋېتىۋىدىم، يېنىمىزدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان بىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە "قاراڭلار مۇنۇ مەرھە-
مەتسىزگە، بالىسى پىيادە مېڭىپتۇيۇ، ئۆزى خىجىل بولماي
ئېشەككە مىنىۋاپتۇ" دېيىشتى ماڭا ئاڭلىتىپ. ئۇ ئادەمنى تو-
نۇيمەن، ئېغىزىنىڭ تۇتامى يوق. يېزىدا بۇ گەپلەرنى بىر تار-
قىتىدىغان بولسا، ئەلكۈن نېمە دەيدۇ؟
— شۇنىڭ بىلەن سەن ئېشەكتىن چۈشۈپ، مېنى مىن-
دۈردۈڭ. مەن راھەتكە چىقتىم.
— لېكىن ئالدىمىزغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئۆزئارا "قاراڭلار
مۇنۇ تەربىيەسىزنىڭ دادىسىنى يەردە سوكۇلدىتىپ ماڭدۇرۇپ
قويۇپ ئۆزىنىڭ ئېشەككە مىنىۋالغىنىغا!" دېيىشكىنىنى
ئاڭلاپ قالدىم. مەن باققان بالامنىڭ "تەربىيەسىز" دېيىلىشى-
گە چىدىيالايمەنمۇ؟ ئۇلار كۆرگەنلىرىنى ئەلكۈنگە بىر يايسا،
ئۇلار نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟
— ئەمما دادا، ئىككىمىز پىيادە قالدۇق، پىيادە!
— ئاستىراق گەپ قىل، نادان! ھېچبولمىسا ئەلكۈنىنىڭ

سۆز ـ چۆچىكىدىن قۇتۇلغاندىمىز ئىشقىلىپ.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سەل نېرىسىدا تۇرغان بىر ئادەم يېنىدىكىسىگە:

ــ قارا ئاۋۇ ئەخمەقلەرگە، ــ دېدى بارمىقى بىلەن ئا ـ تا ـ بالىنى كۆرسىتىپ، ــ ئېشىكى تۇرۇپ، شۇنچە ئۇزۇن يېزا يولىنى پىيادە باستى.

ئاتا قىزىرىپ كەتتى، بالا بولسا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھەقنىڭ پايانىغا بالىلارلا يېتەلەيتتى...

بالا مېنى بايقىسا، ئېلىپ كەتسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە ئاز ـ غىنە قېپقالغان خۇش پۇرىقىمنى بار كۈچۈم بىلەن چېچىشقا باشلىدىم. سۇلتاننىڭ خۇش پۇرىقىنىڭ ھىدىنى ئالغان بالا شۇ ھامان قېشىمغا كەلدى. چۈنكى بالىلار سۇلتاننىڭ خۇش پۇرىقىنى ياخشى بىلەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مېنى قومۇرۇپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇردى.

ئايرىلىشتىن ئاۋۋال ۋىناس ماڭا ئاداققى قېتىم قاراۋېتىپ:

ــ سارىگۈل، ــ دېدى، ــ خۇش پۇرىقىمنى ساقلاپ قې ـ لىش ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتىۋاتىمەن دېدىڭ، ئەمما سەندىكى ھىد ـ پۇراق ئالللىقاچان غايىب بولغان.

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ ياپراقلىرىمدىن بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. چۈشەندىمكى، ئاشۇ كەچقۇرۇنلۇ ـ قى ۋىناس خۇش پۇرىقىنى تامامەن يوقاتقان ئىدى. بىر گۈل يەنە بىر قەدىناسىغا ئەينەكتۇر. ئۇ قەدىناسىغا باققىنىدا، ئۇ ـ نىڭدىن ئۆز خۇش پۇرىقىنى ياكى ھىدسىزلىقىنى كۆرەر.

ئەتىسى ئەتىگەندە مېنى بايقاپ قالغان دادا، بالىسىغا: ئې ـ شەككە يەنە بىر كېرەكسىز يۈك ئارتىۋاپسەن، دەپ خېلى كا ـ

يىدى ۋە ئاخىرى مېنى بازارغا ئاپىرىپ ساتتى. ئۆزۈنغىچە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يۈردۈم. ئەڭ ئاخىرىدا، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن خۇش پۇرىقىمنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن گۈلسۆ-يەر بىر ئادەم باغچىڭىزغا ئەكىلىپ قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ناھايىتى بەختلىكمەن، ئەمما ھەر يىلى يېزا مەيدانىدىن ئايـ-رىلغان ئاشۇ كۈندە ۋىناسىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن.

ئارىنى قىسقىغىنە جىمجىتلىق باستى.

— سۆزى تۈگىگەن بولسا، سارىگۈلگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام بولارمۇ؟ — دېدى دىئاننا.

— ئەلۋەتتە، قىزىم، — دېدى زەينەپ خانىم.

— سارىگۈل، سىلەر راست گۈللەرنىڭ، يالغان گۈل پەيدا بولغىنىغا ئىچىڭلار پۇشامدۇ؟

— نېمىگە ئىچىمىز پۇشسۇن؟ — دېدى سارىگۈل زەينەپ خانىمنىڭ ئېغىزىدىن، — يالغان گۈللەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى راست گۈللەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەسلىي قىممىتىنىڭ تايىنى يوق نەرسىنىڭ ساختىسىنى كىم ياسىسۇن؟

دىئاننا سارىگۈلنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتـ-تى. كەينىدىن زەينەپ خانىمغا قاراپ:

— رۇخسەت قىلسىڭىز سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقـ-سام، — دېدى، — سارىگۈل ئېيتقان ئاتا ـ بالىنىڭ ھېكايىـ-سىنى قانداقتۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەن. خۇددى بۇـ-رۇن ئانام شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگەندەكلا، سىزنىڭچە ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندىمۇ ـ يا؟

— خاتالاشمىدىڭ، قىزىم. سارىگۈلنىڭ ئېيتقانلىرى بىزدە

نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما نەسرىددىن ئەپەندى سارىگۈلىنىڭ ھېكايىسىدىكى دادىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان، ناھايىتى دانىشمەن ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەمدۇر.

دىئانىنا چۈشىنەلمىگەندەك، تېخىمۇ ئىنچىكە چۈشەنچە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە زىنەپ خانىمغا قاراپ تۇراتتى.

— بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىدىغان نېمە بار، قىزىم؟ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ گۈللىرى بار ئىدى، يەنە كېلىپ نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقى دەل شۇ گۈللەر ئىدى.

زەينەپ خانىم ئورنىدىن تۇردى.

— خوپ، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك بولسۇن، دىئانىنا. ئەتىلىك دەرس ئەتىگەن سائەت 5:57 دە.

# 31

دىئانىا ئەتىسىمۇ ئورنىدىن سەھەر تۇردى. ئۇ ئاساسەن ئۇيقۇسىز ئىدى. ئاخشام تۈنجى دەرسنى ئويلاپ يېتىپ، تا تۈن تەڭگىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ زەينەپ خانىمنى خىيال قىلاتتى، باغچىنى، سارىگۈلنىڭ ئېيتقانلىرىنى، گۈلنى تىڭشاش ماتېماتىكىسىنى ئويلايتتى...

ئوي ـ خىياللىرى ئۇنىڭ زېھنىنى خېلى ئۇپراتتى، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەن فورمۇلاسى ئۇنىڭغا خېلى تەسەللى بەرگەن ئىدى. مۇبادا دەرستە ئۆگەنگەن جاۋاب ئېھتىماللىقى چەكسىز بولغان ئاشۇ فورمۇلانى ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈچۈن تەدبىقلىغىلى بولسا، ئۇ ھالدا ئانىسىغا نېمە بولغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا بېرىدىغان جاۋاب "گۈلنىڭ ئېيتقىنى قايسى ناخشا"غا بېرىلىدىغان جاۋاب بىلەن ئوخشاش بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئانىسىغا نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئېھتىماللىقى گۈللەرنىڭ قايسى ناخشىنى ئېيتقانلىقىنى بىلىش ئېھتىماللىقىغا ئوخشاشلا "ئالاھىدە نۆل" بولىدۇ. دېمەككى، ئانىسىنى يوقاپ كەتتى دېگىلى بولمايتتى. ئۇ

ھېچبولمىغاندا مۇشۇنى بولسىمۇ ئاڭقىرىۋالغانلىقى ئۇچۇنمۇ تۇنجى دەرستىن خېلى مەمنۇن بولغان ئىدى.

ئۇ ئىككىنچى دەرسكە ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ بىرىنچى ئالدىراپ تۇراتتى، ئۇستىگە كۆك مايكا، ئاستىغا ئاقۇش پادىچىلار ئىشتىنى كىيدى، چېچى بۈگۈن جايىدا ئىدى.

ئۇ دەرس باشلىنىدىغان ۋاقىتتىن بالدۇر ئورۇندۇقتا ھازىر بولاي دەپ پەلەمپەيدىن ئالدىراش چۈشتى، ۋاقىت توشاي دەپ قالغان ئىدى...

ئۇ ئورۇندۇقنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ، زەينەپ خانىمنىڭ ئالللىقاچان كېلىپ بولغانلىقىنى كۆردى.

— مەرھابا دىئاننا، سائەت قانچە بولدى؟

سائەتكە قورقۇمسىراپ قارىغان دىئاننانىڭ 5:58 نى كۆرۈپ سەل يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

— مەرھابا. 5:58.

— خوپ. مېنىڭ سائىتىممۇ كىچىككىنىگنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەنلىك دەرسىمىز تۈگىدى.

چاقچاق قىلىۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلىدى دىئاننا ئىچىدە.

— كەچۈرۈڭ، زەينەپ خانىم. بۇنى دېگەنتىڭىز. بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەسلىكىم كېرەكتى، ئەمما...

— كەچۈرۈم سورىغۇدەك ھېچ ئىش يوق، دىئاننا. گۈلنىڭ ئاۋازىنى مەن ئاڭلىيالايمەن، بۇ سەن ئۇچۇن بېكىتىلگەن، ئاجرىتىلغان ۋاقىت ئىدى. بۈگۈنكى دەرسنى ئەتە كەچ سائەت 18:19 دا ئۆتىمىز. بولدى، خوش قال.

— را... راست دەۋاتامسىز؟

زەينەپ خانىم ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— راستىنىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، زەينەپ خانىم. ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئەمىرىگىزگە بىنائەن چېچىمنى ياساپ - تارىمىدىم، چاقماقتەك تەييارلىنىپ ئالدىڭىزغا ئۇندۇم، يەنە كېلىپ ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن. ئەمدى كېلىپ سىز پەقەت بىر مىنۇت كېچىككىنىمنى دەپلا دەرسنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىڭىزنى دەۋاتىسىز...

زەينەپ خانىم دىئاننانى قولىدىن ئاۋايلاپ يېتىلەپ، باغچىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاپاردى ۋە قولىدا باغچىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىغىچە كەڭ ياي سىزىپ:

— بۇنىڭغا قارا، — دېدى، — نەچچە ئون گۈل تۈپى، نەچچە يۈز گۈل، نەچچە مىڭ گۈل ئۇرۇقى ۋە ھەددى - ھېسابسىز گۈل يوپۇرمىقى... بۇ باغنى بۈگۈنكى ھالىغا كەلتۈرۈش مېنىڭ نەچچە يىل ۋاقتىمنى ئالدى، ئەمما ئۇ ئەرزىيدۇ. قارا، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك گۈزەلمۇ ئەمەس؟

— سۆزىڭىز بەرھەق. لېكىن بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچىسىز...

— بىر باغنى باغ قىلىدىغان گۈللەرنىڭ ئۇرۇقىنى بەلكىم بىر مىنۇتتا چېچىپ بولۇش مۇمكىن. ساڭا ئايان، بىزگە ئەڭ ئۇزۇن بىلىنىدىغان چۈشمۇ بەلكىم بىرەر مىنۇتلۇقتۇ؛ كىم بىلىدۇ، بۇ بەلكىم بىزگە ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مۇشەققەت تارتىشىمىزنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى، ھاياتتىكى ھەر بىر مىنۇتنىڭمۇ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ بېرەر. بىز باياتىن قولىدىن چىقىرىپ قويغان بىر مىنۇتنى ھەرقانچە قىد-

لىپمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمەيسەن، دىئاننا. 21 ـ مايدىكى 5 تىن 56 مىنۇت بىلەن 5 تىن 58 مىنۇت ئارىسىدىكى ئەنە شۇ دەـ قىقە گۈللەرنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان پەيتمۇ تېخى....

دىئاننا ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئىسىت، بۈگۈنـ كى دەرس كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسىچۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى...

# 32

دىئاننا يېرىم كۈن مېھمانخانىغا سولىنىپ ئولتۇرۇپ ما-رىينى خىيال قىلىپ چىقتى. زەينەپ خانىمغا مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىغا قارىغاندا، بەلكى ئەتە-ئۆگۈن، ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ نەچچە كۈن ئىچىدە پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

باغدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى، بولۇپمۇ سارىگۈلنىڭ ئېيت-قانلىرى دىئانانىڭ ئۆزى ۋە مارىي ھەققىدە قايتىدىن ئويلى-نىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ھال كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغان قوشكېزەك ئاچىسى بىلەن دىدارلىشىشنى قانداقتۇر ناھايىتى قىيىن ۋە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ئەمما نېمە بول-سۇن، ئۇنىڭ مارىي بىلەن تېزراق كۆرۈشكۈسى بار ئىدى.

زەينەپ خانىم ھەرقاچانقىدەك دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى.

— قانداقراق تۇرىسەن، قىزىم؟ يۈر، باغقا كىرىمىز، باغدا سېنى بىر خۇشاللىق تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئۇلار باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلى-دى. بىر چاغدا زەينەپ خانىم بىر تۈپ گۈلنىڭ ئالدىدا توختاپ

ئۇنىڭغا ئېگىلىپ:

— ياق، ئۇ ئەمەس، — دېدى گۈلگە.

ئۇلار گۈلنىڭ قېشىدىن سەل ئۇزىغاندىن كېيىن، زەينەپ خانىم دىئاناغا بۇرۇلدى:

— سېنى مارىيمۇ - ئەمەسمۇ دەپ سورىشىدۇ.

— سىز تونۇگۇن سارىگۈل بىلەن پاراڭلاشقاندىلا سوراي دېگەنتىم، كېيىن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. باغدىكى جىمى نەرسە مارىينى ئوبدان بىلىدىغاندەك قىلىدۇ. نەچچە يىل ئاۋۋال كېلىپ كەتكەن مارىينى بۇ گۈللەر قانداق بىلىدۇ؟

— گۈل بەرگىلىرىنىڭ ئۆمرى بىر - ئىككى ھەپتىگە ئاران بارغان بىلەن، ئەمما سەن كۆرۈۋاتقان گۈل تۈپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مارىي كەلگەندىمۇ بۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ چاغدا گۈللەر مارىيدىن بەك تەسىرلەنگەن، ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەك "مارىي گويا سۇ ئىكەن" دېيىشكەن ئىدى. چۈنكى گۈلمۇ سۇغا ئوخشايدۇ، ئىچى بىلەن تېشى بىر، ئوپئوخشاش. گۈل بىزدىنمۇ ئاشۇنداق ئىچ - تېشىمىزنىڭ سۇدەك پاكىز، بىر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. گۈللەر مارىينىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان ئىدى.

گۈللەر ماڭا ئۇنىڭ ناھايىتى قەدىر - قىممەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن گۈللەرنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگىنىمدە مارىينىڭ خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى. "قەدىر - قىممىتىم بار دېيىلسە، بۇ پەقەت سىزلەرگە كۆڭۈل قويغىنىم ئۈچۈندۇر" دەپ جاۋاب بەردى مارىي گۈللەرگە. ئۇنىڭ ئۆز قەدرىنى گۈللەرگە بولغان سۆيگۈگە باغلاپ چۈشىنىشى گۈللەرنى زىيادە مەمنۇن قىلى-

ۋەتتى. ئۇلارنىڭ مارىيغا ئۆز ئاۋازلىرىنى ئاڭلاتقۇسى، يەت-
كۇزگۇسى كېلىپ تۇرالماي قالدى، ئەپسۇسكى ئۇنى ئاڭلىتىش
ئۇ چاغدا تېخى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مارىي ئاۋۋال چوڭ بو-
لۇشى كېرەك ئىدى.

گۇللەر مارىي چوڭ بولۇپ باغقا يەنە كەلگەندە، ئۆزلىرد-
نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇلار ئۆزئارا
كېڭەش چاقىرىپ بىر قارار ماقۇللاشتى، يەنى ھەرقانداق بىر
گۇل سولۇپ ـ توزۇشتىن ئاۋۋال يېڭىدىن دۇنياغا كەلگىد-
لىۋاتقان گۇلگە مارىي توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەمد-
مىسىنى قالدۇرماي يەتكۈزۈش؛ ئۇلار كەلگۈسىدىكىلىرىگە،
كەلگۈسىدىكىلەر كېيىنكىلەرگە... شۇنداق قىلىپ مارىينىڭ
ھېكايىسى گۇللەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەل-
دى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ باغدا ئېچىلغان ھەربىر گۇل مارىي
بىلەن مۇڭدىشىدىغان "بەختلىك ئەۋلاد" شەرىپىگە مۇيەسسەر
بولۇشقا تۆت كۆز بىلەن تەلپۈنىدىغان بولدى...

ئۇندىن باشقا ئاشۇ كېڭەشتە يەنە بىر مۇھىم قارار، يەنى
مارىينىڭ سوقرات ئىسىملىك گۇل ئارقىلىق ئاندىن گۇللەر-
نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشى كېرەكلىكى ماقۇللانغان.

ــــ سوقرات؟

ــــ سوقرات باغدا كەم ئۇچرايدىغان ئەڭ قىممەتلىك گۇل-
دۇر. گۇللەرنى تىڭلاش سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى
سوقراتتا. ئۇنىڭ تىلىدىن پەقەت شېئىرلا تۆكۈلىدۇ. مارىي
سوقرات بىلەن كۆرۈشمىگەن، ئۇ چاغدا تېخى سوقرات بىلەن
كۆرۈشۈشكە تەييارلىنىپ بولالمىغان ئىدى. مانا ھازىرغىچە

باغدىكى جىمى گۈل سوقرات بىلەن مارىيىنىڭ دىدار ـ مۇلا ـ قاتتا بولۇشىنى ھاياجانلىق تەقەززا بىلەن ساقلاپ ياشاۋاتىدۇ.

دىئاننا بۇ گەپلەر خۇددى چۆچەكتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. رىۋـ ئاللىق بىلەن ئەپسانە ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ـ بىرىگە كىرىـ شىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق ھېس قىلىشنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. ھېچبولمىغاندا سوقراتنىڭ كىملىكىنى ئازراق بولسىمۇ بىلگەن ئىدى ئىشـ قىلىپ. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خالار ـ خالىماس باغدىن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان گۈل ئىزدىدى. ئەتراپتا ئالاھىدە گۈزەللىكى ياكى تۈرق ـ قىياپىتى باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان گۈل كۆرۈنمەيتتى.

— سوقراتنى كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى دىئاننا زەينەپ خانىمدىن.

— چىن دىلىڭدىن كۆرۈشنى ئىستىسەڭ، ئەلۋەتتە كۆرەـ لەيسەن. سېنى تاڭ قالدۇرىمەن دېگىنىممۇ دەل شۇ.

زەينەپ خانىم دىئاننانى كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشنى ئېيتىپ، ئەڭ چەتتىكى گۈللەرنىمۇ كەينىدە قالدۇرۇپ باغنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ، يېرىم مېتىرچە ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان توپا دۆۋىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— كەلدۇق مانا.

باغنىڭ پۈت سىغقۇدەك يېرىنىڭ ھەممىسى گۈل بىلەن لىق تولغان، لېكىن بۇ يەر قوپقۇرۇق! زەينەپ خانىم مىت قىلماستىن شۇ يەردە تۇراتتى. دىئاننا خېلىغىچە ئاۋاز چىقارـ ماستىن ئۇنىڭ قېشىدا كۈتۈپ تۇردىيۇ، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنـ سېرى تاقەت قىلالماي سورىدى:

— بۇ يەردە نېمىشقا مۇنداق تۇرۇۋېرىمىز؟ سوقراتنىڭ قېشىغا بارمامدۇق؟

— بىز ئۇنىڭ قېشىدا، دىئاننا. سوقراتنىڭ سەلتەنەت پايىسىدا تۇرۇپتىمىز.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

زەينەپ خانىم چىرايىغا مۇلايىم تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ قولىنى ئالدىدىكى بوشلۇققا يەڭگىل ئۇزاتتى.

— قارىغىنا، بۇ گۈللەرنىڭ گۈزەللىكىگە، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىنى چۈشۈرگەچ بېشىنى ئەپسۇسلانغاندەك چايقىدى، — راستتىنلا كۆڭۈلۈڭگە ئالما، دىئاننا... سەن كۆرەلمەيدىغان نەرسىنىڭ گۈزەللىكى توغرۇلۇق سۆزلىمەسلىكىم كېرەك ئىدى.

دىئاننا ھەيرانلىق تولغان كۆزلىرى بىلەن زەينەپ خانىمغا قارىدى.

— سوقراتنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىشەنمەيۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ھە، بۇنىڭغا ئىشىنىشىم ئەلۋەتتە قىيىن ـ دە.

— خوپ، ئۇنداقتا قېنى ئېيتە، قىزىم، — دېدى زەينەپ خانىم، — "باشقىلار" سېنى نەچچە يىللاپ گۈللەرنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ كەپتىمۇ، مەن نېمە دەپ سېنى بىر نەچچە دەقىقە بولسىمۇ ئالدىڭدا سەن كۆرەلمەيدىغان گۈلنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرمەي؟

زەينەپ خانىم دىئاننانىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا قولى بىلەن ئالدىدىكى بوش تۈپنى كۆرسەتتى:

سوقرات بىر ھەپتە ئاۋۋال دەل مۇشۇ يەرگە تىكىلگەن

ئىدى. ئۇنى مارىيغا ئارمىغان قىلىش ئويىدا، بەزى ھازىر-لىقلارنى قىلىش ئۇچۇن پارىكچى دوستۇمنىڭ قېشىغا ئە-ۋەتتىم.

— ماڭا لازىمى مانا مۇشۇ ئىزاھات ئىدى، زەينەپ خانىم، توۋا، مېنى راستتىنلا تاڭ قالدۇردىڭىز، قېشىڭىزدىن بەدەر قېچىشقا تاس قالدىم جۇمۇ!

— سەندىن ئۆزر سورايمەن، دېئاننا. يالغان دېگەننىڭ ئاق - قارىسى يوق، ھەممىسى يالغان. ئەمما ئەگەر بىر يالغان ئۆزىدىنمۇ بۈيۈك بىر يالغاننى ۋۇجۇدقا چىقارسا، مەسىلەن، سەن گۈللەر گەپ قىلالمايدۇ دېگەندەك، ئۇنى ئەپۇ قىلمۇۋې-تىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا مېنى كەچۈرۈشۈڭنى ۋە چۈشىنىشىڭنى سورايمەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى دېئاننا كۈلۈپ.

ئۇلار يېنىپ ئىشىككە كەلگەندە، زەينەپ خانىم:

— ئەته ئەتىگەنلىك دەرس سائەت 15:31 گە سۈرۈلدى، — دېدى، — ئەمما سائەت توققۇز يېرىمدا مېنى ياتىقىڭدا ساقلا. دېڭىز بوغۇزىنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي، قانداق، بولامدۇ؟

— بەك ياخشى بولدى.

# 33

ئىستانبۇلنى يەتكۈچە ئايلانغان دىئاننا دەرسكە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتىقىغا قايتىپ كىردى. ئەمما پىكىر ـ خىيالى يەنىلا ئەتىدىن بېرىقى ساياھىتىدە لەيلەيتتى.

زەينەپ خانىم ئەتىگەن ئۇنى ياتىقىدىن ئېلىپ، ئورتاكۆي (ئارامەھەللە) دېيىلىدىغان كىچىك بىر ساھىلغا ئېلىپ بار-دى. ئۇلار ئۇ يەردە قاتلىما يېيىشتى، ئاندىن بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ، قەدىمىي جامەنىڭ ئۇدۇلىدىكى پىرىستاندىن دې-ڭىزغا كىردى.

ئۇلار بوغۇزنىڭ تىنچ، كۆپكۆك سۇيىدە ياۋروپا تەرەپنى بويلاپ سوزۇلغان يېڭىكۆي (يېڭى مەھەللە) گىچە باردى. ئۇ يەردىن ئاسىيا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، مارمارا دېڭىزىغا قاراپ ئىچ-كىرىلىدى ۋە نەچچە ئەسىردىن بېرى تاقىۋېتىلىپ تېخى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا كىشىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن قىز قەل-ئەسىدە چۈشلۈك تاماق يېدى. دىئاننا ئەسلىدە ئەتىگەن يەۋال-

غان قاتلىما بىلەنلا كۆپايىلەنمەكچى ئىدى، ئەمما داستىخانغا چىقىرىلغان بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ئۇسمانلى تائاملىرىنى يېمەي چىدىيالمىدى.

زەينەپ خانىم دەرس ۋاقتىغىچە مارىي بىلەن گۇل توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقنى تاپىلىغاچقا، يەنە كېلىپ دىئاننا ئۆزىمۇ بىر كۈن بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى ئارزۇلاپ كەلگەچكىمۇ، ئۇلار سەپەر جەريانىدا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشمىدى. ئەمما ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈشكەنلىرىدە ياكى غىزالىنىۋاتقانلىرىدا بولسۇن، بۇ گەپلەر بەزىدە ئارىلاپ پاراڭغا قىستۇرۇلۇپ قالاتتى.

دىئاننا بۇ ساياھەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن زەينەپ خانىمنىڭ بارلىق ئىشلارنى تەپسىلىي ئويلاپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنبويى شۇنچىلىك ئىززەتلەنگىنىدىن، زەينەپ خانىم مېنى يەنە "مارىي" دەپ ئويلاپ قالمىغاندۇ ـ ھە، دەپ ئويلىماي تۇرالمىدى...

دىئاننا دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن باغقا كەلگۈچە، كۈنبويى قاقاھلاپ كۈلۈپ يۈرگەن زەينەپ خانىم يەنە "گۇلنى تىڭلاش سەنئىتى"نىڭ تۇرگۇنلۇكىگە قايتىپ قالارمۇ، دېگەنلەر خىيالىدىن كەچتى.

دەرس باشلىنىدىغان ۋاقىت دەل توشقان مەھەلدە زەينەپ خانىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي باغقا كىرىپ كېتەيلى.

دىئاننا تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن باغقا كىرىپ كېتىۋاتقان زەينەپ خانىمغا ئەگەشتى. ئۇلار باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، يولنىڭ قىرىدا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان يوغان بىر

تەشتەكنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى دىئانانىڭ دىققىتىنى تارتتى. تەشتەكتە ھەشقىپىچەكتەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۇپ گۈل كۆچىتى تۇراتتى. كۆچەتلەرنىڭ بىرىدىكى گۈل قىزىل، يەنە بىرىدىكى گۈل بولسا ئاق ئىدى. قىزىل گۈل تىك، ئاق گۈل سەل پۈكۈلگەندەك بېشىنى يەرگە ئېگىپ تۇراتتى. ئىككى گۈلنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر زىچ كىرىشىپ كەتكەن ئىدىكى، تازا دىققەت قىلمىسا كىشىگە خۇددى بىر تۇپ كۆچەتتە ئىككى خىل رەڭلىك گۈل ئېچىلغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ــ سوقرات بۇ ئەمەستۇ؟ ــ دەپ سورىدى دىئانا.

ــ ياق، تەشتەكنىڭ ئۈستىدە ئىسمى يېزىقلىق.

دىئانا ئېگىلىپ تەشتەككە ئويۇلغان ئىسىمنى ئوقۇدى:

ــ ئەفەس... بۇ، بۇ... بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىسمىغۇ؟

ــ ھەئە، شۇنداق. بىر زامانلاردا بۈگۈنكى سەلجۇق[1] ئەتراپىدا قۇرۇلغان شەھەر.

ــ بۇ تەشتەك شۇ يەردىن كەلتۈرۈلگەنمۇ؟ بايىقىشىمچە، باغدىكى ھېچقانداق گۈل تەشتەككە ئېلىنمىغان، بۇلارنىمۇ باغچىغا قويماقچىمۇ سىز؟

ــ شۇنداق، ئەفەستىن كەلتۈرۈلدى. ئەكەلگەندىن بېرى ئۆيدە ئىدى، تۈنۈگۈن ئاخشام باغقا ئېلىپ كىردۇق. ئەفەس گۈللىرىنىڭ باغچىغا ئۆزلىشەلەيدىغان ـ ئۆزلىشەلمەيدىغانلىقى تامامەن ئۇلارغا باغلىق. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت جەريانىدا ئۇلار باغقا ئۆزلىشىدۇ ياكى ئەفەسكە قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ بىر سىناق، ئەمەلىيەتتە.

---

[1] سەلجۇق ــ تۈركىيەنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسىدىكى مەركىزىي شەھەر.

دىئاننا زەينەپ خانىمنىڭ سۆزلىرىگە ئەمدى ھەيران قال-ماسلىقنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

— قانداق سىناق؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇددى گۈلنىڭ بىر باغچىغا تىكىلىشتىن ئىلگىرى سىناق ئېلىشتىنمۇ ئۆتە يەنە بىر غەيرىي ئىش يوقتەك.

— بۇ باغدىكى گۈللەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى-نىڭ بىرى: رەڭگى، تىلى، قىياپىتى قانچىلىك پەرقلىق بو-لۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بۇ يەردە بۇيۇك بىرلىك ئىچىدە ئۇرۇش - جېدەل، ھەسەت - خۇسۇمەت، كىبىرۇ - تەمەننادىن پۈتۈنلەي پاكلانغان ھالدا ياشايدۇ. شۇڭا باغقا يېڭى گۈل تى-كىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئەستايىدىل تاللايمىز. گۈللەر بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىر گۈلنىڭ خۇلقى يەنە بىرىگە ئۆتىدۇ. بىزدە: «غورا غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا باغقا بىر گۈلنى ئەكىرىشتىن ئاۋۋال ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە يامان تەسىر كۆر-سىتەمدۇ - يوق، بۇنى دەلىللىمەي بولمايدۇ.

بۇ ئەفەس گۈلى ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكنى نامايان قى-لىپ تۇرۇپتۇ: خۇلقى بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى تۈپ گۈل بىر تەشتەككە تىكىلىدۇ؛ ئۇزاق مەزگىل شاخ - پۇتاقلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئۆسۈپ، بىر - بىرى-دىن ئاجراتقۇسىز ھالغا كېلىدۇ؛ ئەمما ئۇلار ۋاقىت ئۆتكەنې-سېرى تۈگىمەس جەڭگى - جېدەلگە چۈشىدۇ، چىقىشالمايدۇ. شۇڭا باغقا قويۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ بىر گۈل تىمسالىدا ياشىيالايدىغان - ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئىس-پاتلاپ بېرىشى كېرەك.

زەينەپ خانىم ئۇيچان نەزەردە ئەفەس گۈلىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئىش ئېغىزدا دېگەندەك ئاسان ئەمەس... ئىككىسى ئوخشاش مۇھىت، ئوخشاش تۇپراقتىن كەلگەندەك قىلغان بىلەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، بىلىشى ناھايىتى پەرقلىق. قىزىل تۇرغىنى ئەفەستىكى ئارتەمىس ئىبادەتخانىسى[1]دا تىكىلگەن، ئاق تۇرغىنى بولسا مەريەم ئانىنىڭ ئۆيى[2]دە. قىزىل گۈل ئۆزىنىڭ مەرگەن ئىلاھە ئارتەمىس ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەقەت شۇ نام بىلەن چاقىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاق گۈلنىڭ بولسا بىرەر ئىسىمغا خۇشى يوق، ئەمما بىز ئۇنى مەريەم دەپ ئاتىۋالدۇق.

— مەرگەن ئىلاھە دېدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى دىئاننا خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن، دېگەندەك ئاھاڭدا، — مەرگەن ئىلاھە دىئاننا شۇغۇ؟ئىسمىم ئوخشاپ قالغىنى ئۈچۈن دوستلىرىم مېنى ھەدېسە "ئىلاھە"گە ئوخشىتىپ چېقىشاتتى.

---

[1] ئارتەمىس — يۇنانچىدا Artemision، لاتىنچىدا Artemisius دەپمۇ ئېلىنىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئارتەمىس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زېئۇس بىلەن لېتونىڭ پەرزەنتى؛ ئاپوللونىڭ قوشكېزەك سىڭلىسى؛ يەنە بىر ئىسمى دىئاننا؛ ئۇ ئوۋغا، ياۋايى ھايۋانلارغا، بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا، ئىپپەتكە، شۇنداقلا قىزلارغا مەسئۇل ئىلاھە بولۇپ، مەرگەنلىكى بىلەن مەشھۇر. شۇڭا كۆپىنچە ئوقيا ئېتىۋاتقان ياكى بىر بۇغىنى يېتىلەپ، دۈمبىسىگە ئېسىلغان ئوقداندىن ئوق ئېلىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. ئارتەمىس ئىبادەتخانىسى — ئارتەمىسنىڭ روھىناتىغا بېغىشلاپ، پۈتۈنلەي مەرمەردىن ياسالغان ئىبادەتخانا بولۇپ، ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسى سەلجۇق شەھىرىدە ئىبادەتخانا ئىزناسى ھېلىھەم ساقلانغان، «دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزات»نىڭ بىرى دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئۆز زامانىسىدا دىئاننا ئىبادەتخانىسى دەپمۇ ئاتالغان. — ت.

[2] مەريەم ئانىنىڭ ئۆيى — ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسى سەلجۇق شەھىرىدىكى بۇلبۇل تېغىغا جايلاشقان قەدىمىي زىيارەتگاھ، ئەيسانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەريەم كېيىنكى ئۆمرىنى سايىنت جون (يۇھاننا) بىلەن مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن، مەريەمنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ بۇلبۇل تېغىدا، دەپ قارىلىدۇ. خىرىستىيانلار ھېلىھەم بۇ جايىنى مۇقەددەس بىلىپ زىيارەت قىلىدۇ. — ت.

— ھەئە، رىم ئەپسانىلىرىدىكى مەرگەن ئىلاھە دىئاننا شۇدۇر. يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئارتەمىس دېيىلىدۇ.

دىئاننا بىردەم ئۇيغا پېتىپ تۇرۇپ قېلىپ يەنە سورىدى:

— بۇ گۈللەر ئەمىسە نېمىگە تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ؟

— ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تالاش ـ تار-تىشنى ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

دىئاننا زەينەپ خانىمغا بىلىندۇرمىگەن بىلەن ئارتەمىس بىلەن مەريەم ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تالاش ـ تارتىشنى بەكلا ئاڭلىغۇسى بار ئىدى.

— نېمىشقا ئاڭلىماي، ئاڭلايلى.

زەينەپ خانىم تەشتەكنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، دىئاننامۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— سالام، ئەفەس گۈلى. سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى ئاڭلاشقا ئىجازەت بېرەرسىلەرمىكىن؟ — دەپ سورىدى زەينەپ خانىم ۋە بىر دەمدىن كېيىن دىئانناغا قاراپ، — ئارتەمىس: ”مېنىڭ ئىسمىم ئارتەمىس“ دەپ گۈلەيدى ماڭا، — دېدى. خوپ، ئۇ شۇنى خالىغان بولسا، مەنمۇ ئەفەس گۈلىنى ئىككى ئىسىمدا ئاتاپ گەپ قىلاي. ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئەينەن يەتكۈزىمەن، باشلام-دۇق؟

دىئاننا كۆزىنى ”تەييارمەن“ دېگەن مەنىدە يۇمۇپ ئاچتى، زەينەپ خانىم، ئارتەمىس بىلەن مەريەم ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ-نى يەتكۈزۈشكە باشلىدى:

— سەل سىپايە بولساڭ بولماسمىدى؟ — دېدى مەريەم، — بىزنى نېمە دەپ چاقىرىشنىڭ ھېچبىر پەرقى يوقتۇ.

— پەرقى يوق دېگىنىڭ نېمىسى، — دېدى ئارتەمىس، —

مېنىڭ ئىسمىم بار. تىللاردا داستان، زېمىندىن تاكى ئەرش-كىچە ھەممە بىلىدىغان ئىسمىم: ئار - تە - مىس! نام - شە-رىپىم ئىلاھلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ، بىلەمسەن؟ مەن سې-نىڭدەك گۈل ئەمەس، گۈزەللەرنىڭ يەكتاسى، ئۇلۇغ ئىلاھە ئارتەمىسمەن، ئۇقتۇڭمۇ!؟ سېنىڭدەك گۈللەر قەسرىمگە زىن-نەتلا، خالاس.

— نېمانداق تولا "مەن، مەن"لا دەيسەن؟

— دەيمەن، نېمە بوپتۇ. ئارتەمىس "مەن" دېمىسە، يەنە كىم "مەن" دېيەلىسۇن؟ سەندەك ئۆلۈمتۈك خەس گۈل دېسۇن-مۇ ئەمىسە؟

— رېئاللىق ئۆزۈڭگە ئايان تۇرۇپ، يەنە ھەدېسە ئېغى-زىڭدىن "مەن ئىلاھە، سەن بىر گۈل" دېگەن شۇ گەپ چۈش-مەيدۇ.

— قايسى رېئاللىق؟

— بولدى، بولدى قىلە، ساڭا ئازار بېرىپ قويماي يەنە.

— سەن؟ سەن ماڭا ئازار بېرەلەيسەن؟ ھا - ھا - ھا... بىر خەس گۈل ئارتەمىسنى، ئىلاھەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلالايمىش! ۋاي، قېنى كەل، مېنى خاپا قىل، ماڭا ئازار بەر.

— ئەمما سەن ئاۋۋال بىزگە ئۆزۈڭ كۆرەڭلەيدىغان كات-تىلىقىڭ ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەر. ئېيتە، ئار-تەمىس دېگەن كىم ئۇ؟ نېمەڭگە بۇنچە مەغرۇر، كۆرەڭلەيسەن؟ قېنى ئېيتە، پۈتۈن باغ بىلىپ قالسۇن.

— ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە. ئۇلۇغ ئارتەمىسنى كىم بىل-مەيدۇ؟ مېنى كىم تونۇمايدۇ؟

— بىز ھازىر سېنىڭ ئىبادەتخاناڭدا ئەمەس، ئارتەمىس،

بۇ بىر گۈللۈك باغ. گۈللەر سىنى تونۇماسلىقى مۇمكىن. ئۇ-لۇغ ئارتەمىسنى تونۇۋېلىشتا ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بار ئەمەسمۇ؟ سەن بۇيۇكسەن، ناھايىتى ئۇلۇغسەن! قېنى، مەرھەمەت قىد-لىپ، بىزنى بۇيۇكلۇكۇڭنى ئاڭلاش بەختىگە مۇيەسسەر قىل، ئارتەمىس.

— ئەمدى جايىدا گەپ قىلدىڭ، گۈلچىقىم. ئەلۋەتتە، ئۇ-لۇغلۇقۇمنى بىلىش ھەممىنىڭ ھەققى. ئۇلۇغ ئارتەمىسنىڭ كىملىكىنى گۈللەرمۇ بىلىشى كېرەك. ئەمىسە كۆپچىلىك قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىغاي.

مەن — ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى زېئوسنىڭ قىزى ئارتەمىس! ئەفەستە ياشىغانمەن. ئەفەسكە قەدەم قويغانلىكى ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئەڭ ئالدى بىلەن "مەريەم ئانىنىڭ ئۆيى" دېگەندەك ئۇششاق - چۇششەك، ئەسكى - تۇسكى تايىنسىز يەرلەر ئە-مەس، ئارتەمىس ئىبادەتخانىسى كېلىدۇ. نەچچە ئەسىردىن بې-رى دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزاتنىڭ بىرى سانالمىش ھەيۋەتلىك قەسرىمدە ماڭا ئىبادەت قىلىشقا كەلگەن بىھېساب ئادەملەرنى قوبۇل قىلدىم. ئادەملەر ئالدىمغا چۇمۇلىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى، ماڭا مەدھىيە ياغدۇرۇش، مېنى ئۇلۇغلاش، ئالدىمدا تىز پۈكۈپ، باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇزاقلاردىن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ-چەي-لىشىپ كېلەتتى. ئارتەمىسنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى ئەمدى بىلدىڭمۇ، ئەي گۈل؟ سېنى ۋە سەندەكلەرنى قومۇرۇپ ۋازا - لوڭقىلارغا تىككەن ئىنسانلار بوسۇغامدا قۇل كەبى قول باغلاپ تۇرىدۇ. باغدىكى ئى گۈللەر، سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ، ئارتەمىسنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— مەن ئويلىغاندەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى مەريەم، — مەن سېنى ئۆزى ھەققىدە گەپ قىلىپ بېرەرمىكىن دېۋىدىم، لېكىن سەن داداڭنىڭ كىملىكى، ئۆيۈڭنىڭ ھەيۋەتلىكى، سېنى كۆككە كۆتۈرگۈچىلەر بايانىدا گەپ يورغىلاتتىڭ. مەن سەندىن بۇ گەپلەرنى سورىمىدىم، ئارتەمىس، مەن پەقەت سېنىڭ كىملىكىڭنىلا سوراۋاتىمەن.

— پېسەندى گۈل! — دېدى ئارتەمىس، — نېمە دېمەكچىسەن؟ ئۇلۇغلۇقۇم، كاتتىلىقىمنى سورىمىغانمىتىڭ؟ مەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ بولمىسام شۇنچىۋالا جىق ئادەم ماڭا چوقۇنارمىدى؟ ئېغىزى قۇرۇپ كەتكۈچە ماڭا مەدھىيە ـ ئالقىش ياغدۇرارمىدى؟ ماڭا ئەسىر ـ مۇپتىلا بولارمىدى؟

— ئەسلىدە سەن ئۇلارغا ئەسىرسەن، ئارتەمىس، پەقەت بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇڭ يوق، خالاس.

— ھەسەتتىن نېمە دېگىنىڭنىمۇ بىلمەيۋاتىسەن ـ ھە.

— راست، ئەسلىي سەن ئۇلارغا ئەسىرسەن! ئارتەمىس دېگەن كىم؟ خەلق باشتا ئۆزى ئويلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئاندىن چوقۇنغان خىياللا، خالاس. ئېيتە، يالغانمۇ؟ ئارتەمىسنى ياراتقان، مەيدانغا كەلتۈرگىنى خەلق ئەمەس، نېمە؟ ئاۋۋال كاللىسىدا مۇقەددەس بىلىدىغان بىر كۈچ ـ قۇدرەت، گۈزەللىك، يۈكسەكلىك غايىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاندىن مەدھىيە ـ مۇبارەك بىلەن سېنى دۇنياغا كەلتۈرگىنى — سەن ئاجىز ساناۋاتقان ئاشۇ خەلق، ئىنسان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ساڭا باغلىنىپ قالغانلىقىغا ئالدىنىپ قالما، ئارتەمىس. سېنى ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقاردى؛ سەندىكى قۇدرەت ـ كامالىنى ئۇلار ساڭا بىلدۈردى؛ نامشەرىپىڭنى ئەنە شۇلار كۆككە كۆتۈردى... دې-

يىشكە تىلىم قىسسىندۇ، ئەمما سەن ھەقىقەتتە مۇستەقىل مەۋجۇت ئەمەسسەن، ئارتەمىس. سەن پەقەت ئۇلارنىڭ سايە-سىدىلا مەۋجۇتسەن؛ ئۇلارنىڭ مەدھىيەسى، چوقۇنۇشى ۋە ھە-مايىسىدىلا مەۋجۇتسەن! باشقىلارغا بېقىنىدىسەن، ئارتەمىس!

— ھەددىڭدىن ئاشما ئىپلاس خەس چېچەك! ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە بىر باققىنا. ماڭا بۇنداق گەپ قىلىدىغانغا سەن كىم ئىدىڭ، ھە؟!

— ھەقلىقسەن، مەن ئۇنچىۋالا ئۇلۇغ نەرسە ئەمەسمەن. ئەمما مەن بىر گۈلمەن... ئادەملەر مېنى سۆيسۇن، سۆيمە-سۇن، كىملەردۇ مېنىڭ دەردىمدە ئەقلىدىن ئازسۇن ۋە ياكى قېشىمغا ئىنىس - جىن يولىسۇن - يولىمىسۇن، پەقەت، پە-قەتلا بىر گۈلمەن! شۇنداق، ئۇلۇغلۇقتىن دەۋايىم يوق، ئاددىي بىر گۈل بولسامىلا بولدى. گۈلنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانى-لىقىنى بىلەمسەن، دوستۇم؟ گۈل — ئەركىنلىك دېمەكتۇر! باشقىلارنىڭ مەدھىيەسىدە ياشناپ، تەنقىدىدە ئۆلمەستىن، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇش دېمەكتۇر. خاتا چۈشىنىۋالما، مەنمۇ ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنىڭ مېنى يوقلاپ تۇ-رۇشىنى، خۇش پۇرىقىمدىن ھىدلىشىنى ياقتۇرىمەن. ئەمما ئويۇم — ئۇلارغا تەمەسىز ھالدا خۇش پۇرىقىمنى سۇنۇش، بېغىشلاشتۇر. ئەلۋەتتە، ساڭا ئىبادەت قىلىشقا كەلگەنلەردەك مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىدىغانلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس. بەلكى مەريەم ئانىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلارنىڭ كۆپىنى-چىسى ئۇ يەردە مەندەك كىچىك گۈلگە دىققەت قىلمىغان بو-لۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىشەن، كۆپ بولمىسىمۇ مېنى سەزگەن دوستلار يەنە بار. لېكىن ئۇلارنى ساڭا تېۋىنغىلى كەلگەنلەر

بىلەن ئوخشاش دەپ قارىۋالما، ھە.

— ۋاي، قانداقسىگە ئوخشىسۇن ئىپلاس گۈلۈم، ماڭا تېـ-ۋىنغىلى كېلىدىغانلار ھەددى ـ ھېسابسىز تۇرسا.

— ئېسىڭدىمۇ؟ قۇياش پارلاپ تۇرغان كۈنلەردە قېشىڭغا دەريا بولۇپ ئاققانلار، كۆز كەلگەندە بىر ـ بىرلەپ ھۇزۇرۇڭـ-نى تەرك ئېتىدۇ. قىش يېتىپ كېلىدىغان بولسا، ئەتراپىڭدىن ھېچكىمنى تاپالمايسەن. سەن تەنھا قالىسەن، لېكىن قۇرۇق غۇرۇرۇڭ تۇپەيلى يىغلىيالمايسەن. باھاردىكى مەدھىيە سېنى قانچىكى يۈكسەكلەرگە پەرۋاز قىلدۇرسا، كەچ كۈزدىكى غو-لىشىڭ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىـ-رىشىمۇ سېنى يەرگە ئۇرالايدۇ.

— كەچ كۈز دېگەن شۇنداق بولىدۇ.

— گۈل ئۇچۇنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ياق! گۈل ئۇچۇن كۈز يامغۇرى — باھار ھازىرلىقى دېمەكتۇر. گۈل زىيارىتى ئۇچۇن كەلگەنلەر ساڭا تېۋىنىدىغانلاردەك ۋاپاسىز بولمايدۇ. ساڭا كەلگەنلەر تېۋىنىدۇ، ئەمما پەقەت ئۆزى ئۇچۇنلا. مېنىڭ قېـ-شىمغا كېلىدىغانلارچۇ؟ ئۇلار گۈلنىڭ پۇرىقى ئۇچۇن كېلىـ-دۇ. مەن ئالدىمغا كەلگەنلەردىن ئاجىزانە ئىگراش كۈتمەيمەن. سۆيگۈ ئاشىقنى سۇندۇرۇپ زەئىپلەشتۇرمەيدۇ، ئەكسىچە تېـ-خىمۇ ئەزىز قىلىدۇ، يۈكسەلدۇرىدۇ.

دېمىسەم بولاتتى، ئەمما كەچۈر دوستۇم، ساڭا ئەسىر بولغانلار ھامان بىر كۈنى سېنى تەرك ئېتىپ كېتىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ساڭا ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ ھېس ـ ھاياجىنىـ-غا ئىشىنىدۇ، تېۋىنىدۇ. ئەمما شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى سەندىنمۇ گۈزەل، قۇدرەتلىك، يېڭى

بىر ئېتىقاد تاپىدۇ ـ دە، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قېلىشىدۇ، سىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنىڭ مەدھىيە ـ ئالقىشىدا مەۋجۇت بولغىنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار پەش قېقىپ كەتتىمۇ، سەن ـ مۇ يوقاپ كېتىسەن...

— ياق، مەن ئەبەدىي ياشايمەن. ئۆلىدىغىنى سەن، ئۇق ـ تۇڭمۇ؟

— توغرا دېدىڭ، مەن ئۆلمەيدىغانلاردىن ئەمەسمەن. بىر كۈنى هامان سولىمەن ۋە تۇپراققا قېتىلىپ كېتىمەن. ئەمما ئۆلسەممۇ، هاياتىم توگەللەنمەيدۇ! چۈنكى مەن قېتىلغان، مەن كۆمۈلگەن ئۇ تۇپراق باشقا بىر گۈلنى پەرۋىش قىلىدۇ. مېنى خۇش پۇرىقىم تۇپەيلى سۆيگەن دوستلىرىمدىن باشقىلار ھە ـ دىمىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. هېچكىم ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بىر گۈلنى يەنە خۇش پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرىدىغان ھىد تارد ـ تار دەپ ئويلىمايدۇ، ئەمما مەن مەۋجۇتمەن. هاۋادىن ھىدىمنى ئالغان هامان، دوستلىرىمنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يامرايدۇ. "ئۆمرۈم بىكار كەتمەپتۇ" دەيمەن شۇ چاغدا ئۆزۈمگە. "چېچەك ئاچقۇچە قاراڭغۇلۇقتا ئۆتكەن شۇ ئۆمرۈم بىكار كەتمەپتۇ!" دەيمەن، "پەقەت بىر گۈل بولسىلا شۇ كۇپايە" دەيمەن!

قېنى دوستۇم، كەل، ئۆزۈڭگە قايت، بىر گۈل بولۇپ يا ـ شا! نىقابىڭنى يىرت! گۈل يۈزۈڭنى ئاچ. گېپىمنى ئاڭلا، مەن بىلەن بىر بول. قېنى كەل، باغۇەندىن تەشتەكنى كۆمپەيكۈم قىلىشنى ئۆتۈنەيلى! قارا، باغنىڭ ھەقىقىي راست گۈللەرگە تولۇپ، پاتماي قالغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئەزىزىم؟

— مەن گۈل ئەمەس، — دەپ خىرقىرىدى ئارتەمىس، — مەن بىر ئىلاھەمەن!

— ناۋادا تاقىۋالغان بۇ بۇيۇكلۇك چۇمپەردىسىنىڭ ئىچىدە راھەت تاپىدىغان بولساڭ، بوپتۇ، تاقاۋەر، داۋاملىق "مەن!" دەپ ياشاۋەر. ئەمما بۇنىڭ ھامان بەدىلى كېلىدۇ، ئارتەمىس. بىلگىنكى، ھە دېسە "مەن" دەپ سۆرەن سېلىش ئاخىرى ئاپىرىپ ئۆزلۇكۇڭنىڭ، بىر گۇللۇكۇڭنىڭ ئۇنتۇلۇشىنى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

— باغۋەن! ھوي، قېرى خوتۇن، مۇنۇ ئىپلاس بىر نېمىنى يېنىمدىن يۇلساڭچۇ!

— بىلىسەن، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مەريەم، — خالايلى، خالىمايلى بىز بىرلىكتە ياشاشقا مەجبۇرمىز. بۇ تار تەشتەكتە ئوخشىمىغان ئىككى ئاۋاز بولۇپ تۇرۇۋېرىمىز ۋە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشاللىق تاپالمىغىنىمىزدەك، ئەتراپتىكى باشقا گۇللەرنىڭمۇ خۇشلۇقىنى كېسىمىز. ھەتتا ئادەملەرنىڭمۇ... يەنى ھىدىمىزنى ئالغانلىكى ئادەمنىڭ ئىچىگە جەڭگى - جېدىلى ئۆكسىمەس ئىككى ئاۋاز بولۇپ كىرىمىز: بىردەم سەن سۆزلەيسەن، دەم ئۆتۈپ مەن، بىردەم ئارتەمىس مەيدانغا چىقىدۇ، سەل ئۆتۈپ مەريەم... بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا ۋارقىرىشىپ كېتىمىز. تەشتەكتىكى تالاش - تارتىشىمىز يەتمىگەندەك، بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئادەملەرنىڭ ئىچىگىمۇ سۆرەپ كىرىمىز. لېكىن بىزنىڭ ئۇلارنىمۇ ۋە ئۆزىمىزنىمۇ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە پاتۇرىدىغانغا ھەققىمىز يوق، ئارتەمىس.

ئىشەن، ناۋادا قولۇمدىن كەلسە ئىدى، پەقەت سەن بىلەن ئورتاق بىر ئاۋاز، بىر ھىدقا ئايلىنىپ كېتىش ئۈچۈن "مەن دېگەن ئارتەمىس" دەپ سۆرەن سالغان بولاتتىم. ئەمما بۇنداق

قىلالمايمەن، ئارتەمىس. ئۆزۈمنىڭ بىر گۈل ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەممىدىن مۇھىمى سېنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە بىر گۈل ئىكەنلىكىڭنى بىلگىنىم ئۈچۈن بۇنداق قىلالمايمەن. ئۆزۈمدىن ۋاز كېچەلىسەممۇ، سەندىن ئەسلا ۋاز كېچەلمەيمەن. چۈنكى بىر گۈلنىڭ گۈزەللىكىنى ساڭا قاراپ ئاندىن ھېس قىلغانمەن، ئارتەمىس، ئۆزۈمنى ساڭا قاراپ بىلدىم، تونۇدۇم.

— جۆيلۈمە! — دېدى ئارتەمىس، — مەن دېگەن ئارتەمىس، سەن بولساڭ پەقەت بىر ئاجىز گۈللا، خالاس!

— ئارتەمىس، ئاڭلىشىمچە، كىشىلەر سېنى ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى دېيىشىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئوقيايىڭدىن ناھايىتى شەپىسىز، تۇيۇقسىز ئېتىلىدىغان ئوق كىشىلەرگە ئاجايىپ شېرىن، تاتلىق بىر ئۆلۈم بەخش ئېتەمىش، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە!

— ئۇنداقتا... مەن سەن دېگەندەك ئاجىز بولسام، مېنى قوغدا، پاناھىڭغا ئال، ئارتەمىس. مېنى ئۆزۈڭدىن قوغدا. ھازىرنىڭ ئۆزىدە، ئوقۇڭنى چىقار، يانى تارت ۋە ئۆزۈڭگە ئاشۇ ئەڭ تاتلىق ئۆلۈم جامىنى سۇن! ھودۇقما، يوق بولۇپ كەتمەيسەن. ئارتەمىس ئەسلىدىلا مەۋجۇتلۇقنىڭ ساھىبى ئەمەسقۇ، ئۇ يوق بولسۇن! ئەمما "مەن"لىكىڭ ئاشۇ شېرىن ئۆلۈمگە يۈزلەنگىنىدە، سەن بىر گۈل بولۇپ تىرىلىسەن! بىلىمەن، بۇ ئاسان ئەمەس، ئەمما سەن قىلالايسەن.

— ...

— قېنى گەپ قىلە، ئۆزۈڭنى قويۇۋەت. ئۆزۈڭنىڭ بىر

گۈل ئىكەنلىكىنى ئەسلەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

زەينەپ خانىم ناھايىتى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. خېلى-دىن كېيىن ئۇ ئاستاغىنە دىئانناغا قاراپ: "ئارتەمىس مەريەم-گە جاۋاب بەرمەيۋاتىدۇ" دېدى.

— ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟

— ياق، ھېچنېمە، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى زەينەپ خانىم ۋە سۆزىنى جىددىي داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈنكى دەرسىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، قىزىم. ئەتە ئەتىگەنكى تۆ-تىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى دەرسىمىز سائەت 4:01 ئۆتكەندە.

دىئاننا كاللىسىنى سىلكىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكىنىنى سەزدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان، سورايدىغان نۇرغۇن گېپى بار ئىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا سۈكۈتتە قېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى.

# 34

دىئاننا ئاپئاق ئۈخلاش كىيىمى كىيگەن هالدا مېھمانخا-نىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ياتىقىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ زەي-نەپ خانىمنى تۈن يېرىمدا ئىشىك قاققان، چاقىرىلمىغان مېھمانغا نېمە دەر، دەپ ئىككىلىنەتتى.

يەنە ئۈچ سائەت ساقلىسا، زەينەپ خانىمنى ئويغاتماي، ئۇ-نى بىمەھەل بىئارام قىلمايمۇ نېمە سوراي دېسە، باغدا ئازادە سورىيالايتتى. ئەمما ئۇنىڭغىچە ياتىقىدا ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان پىرقىراپ يۈرۈشكە تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى.

ئاق ئۈخلاش كىيىمى كىيگەن زەينەپ خانىم ئىشىكنى ئاچتى. دىئانانىڭ كۆزى دەماللىققا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش پاسوندا تىكىلگەن ئۈخلاش كىيىمگە چۈشتى.

— ھەقىقەتەن كەچۈرۈڭ، زەينەپ خانىم. بەلكى ئۈخلىغان بولغىيتتىڭىز، بەلكى قائىدىڭىزنى بۇزغاندىمەن. ئەمما زادى ئۈخلىيالمىدىم. سىز بىلەن پاراڭلاشمىسام بولمايدۇ. بىئەپ چاغدا كېلىپ قالدىم...

— ئۇخلاي دەپ تۇراتتىم. سائەت بىر بوپتۇ. بۇ چاغدا مەندەك قېرىنىڭلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىشىكىنى چەكسەڭ بولمايتتى.

زەينەپ خانىم ھەقلىق ئىدى، دىئانانىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ھەققى يوق. "يەر يېرىلسا كىرىۋالسام" دەپ كەتتى دىئانا ئىچىدە.

— يۈر، ئىچىگە كىر، — دەپ قوشتى زەينەپ خانىم.

— لېكىن سىز بايا...

— تۈنىنىڭ بۇ پەيتىدە ئىشىكىمنى قانچىلىك تەستە چەككىنىڭنى ھېس قىلالماسمەنمۇ؟ ئاخىرى چەكتىڭ. چۈنكى ساڭا كەڭتاشا ياتاقتا تۇرۇش بۇ يەرگە كېلىشتىنمۇ ئېغىر بىلىندى. بۇنداق ئادەمدىن ھەقىچان ئاڭلىغۇدەك مۇھىم گەپ چىقىدۇ. قېنى كىر، قىزىم.

دىئانا چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان ياتاققا يۇمشاق دەسسەپ كىرىپ كەلدى ۋە باغقا قارايدىغان دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ زەينەپ خانىم بىلەن قارىشىپ ئولتۇردى.

— نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى دىئانا.

— ئەڭ قىيىن قىسمىدىن باشلا، قىزىم، قالغىنى ئۆزى چىقىدۇ.

— مارىي، — دېدى دىئانا، — مارىي بىلەن مەن... مارىي... كاللامدىن مارىي چىقمايدۇ، زەينەپ خانىم. بىلىمەن، كۆرۈشۈشىمىزگە ئاز قالدى. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئەتە كۆرۈشەمدۇق تېخى. ئەمما بۇ باغدا باشتىن كەچۈرگەنلىرىم... — دىئانا سۆزلىيەلمەي سەل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، يەنە سۆ-

زىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سىز بىلەن تونۇشقۇچە، ئۆزۈمنى مارىي ئىلىشىپ قاپتۇ دىگەنگە ئىشەندۈرۈپ كەلگەن، باشقا ئىھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە چۆرىگەن ئىدىم. ئۇ خىتىدە گۈللەر بىلەن پاراڭلاشقانلىقى توغرۇلۇق يازغان ئىدى. لېكىن بۇ مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئىلىپ قېچىشىمنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئەمەس. ئۇ ئانامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىگە كىرىپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ، مارىينىڭ خىتىدىن مەن يەنە بەزى ئىشلارنى سىزىپ قالغان ئىدىم. ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقاتتىم، ئۇنىڭ مىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم...

ــ يەنى؟

ــ مارىي ــ مەن ئارزۇ قىلغان، لېكىن بولالمىغان ئادەم دەل شۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئانامغا قەۋەتلا ئوخشايدىغانلىقىنى ھىس قىلغان ئىدىم.

دىئاننا سەل تۇرۇۋىلىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

ــ بىر قىزنىڭ ئانىسىغا ئوخشىشى ئەيىب ئىش ئەمەس. لېكىن بىر يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلغان بىر قىز، ئانىسى بىلەن 25 يىل بىرگە ياشىغان قوشكېزەك سىڭلىسىدىنمۇ بەكرەك ئانىسىغا ئوخشىسا، بۇ ئۇنىڭغا بەك ئىغىر كىلىدىكەن، زەينەپ خانىم. يەنە كېلىپ يېنىدا ياشىغان قىزى ئانىسىنى چۈشىنىشكە ئەمدى تۇتۇنغاندا ئۇ بۇ دۇنيادىن كىتىپ قالسا؛ ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىرەر قېتىممۇ دەل شۇنىڭدەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىسە...

دىئانانىڭ كۆزىگە لىق ياش تولدى. زەينەپ خانىم ئورۇن-دۇقنى ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن ئەكەلدى ۋە دىئانانىڭ قولىنى چىڭڭىدە سىقتى.

— چۈشەندىم جېنىم قىزىم... لېكىن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بۇنداق ئېسىل ئانا قىزىنىڭ دېگۈسى بار، ئەمما دېيەل-مىگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرىدۇ.

— بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن چۈشەندىمكى، مەن جا-ھىللىق قىلىپ، ئانامدىن قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان نەرسى-لەرنى مارىي بۇ يەرگە كېلىپ سىزدىن ئاپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

— نېمىشقا مارىيغا ئوخشاش بولۇش ئويىغا كېلىپ قالدىڭ؟

— ئانام: "ئۆزۈڭنى ئۆزگىچە قىلاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى تاپساڭ كۇپايە" دەيتتى. لېكىن مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتىشنى خالىمايتتىم. باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشى، مەدھىيەسى، ئۆزۈمنى كىملەرگىدۇ كۆز - كۆز قىلىش دېگەندەك ساپلا باشقا نەرسى-لەرگە تەلپۈنەتتىم. قىسقىسى، ئۆزۈمنى ئالاھىدە، ئۆزگىچە ھېس قىلىشتىن توسىدىغان نەرسىلەرگە ئىنتىلدىم. مەن باشقىلارنىڭ ئالقىشىسىز ياشىيالماس بەندە ئىدىم؛ شەھەرنىڭ كۆزى بولسامكەن دەيتتىم؛ باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى "مەن"نى ياخشى كۆرەتتىم... بەلكى شۇ سەۋەبتىن ئەڭ بۈيۈك غايەم — يازغۇچى بولۇشتىن ۋاز كەچكەندىمەن؛ چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادۈكات بولسام ھازىرقىدىنمۇ بەك قوللاشقا سازا-ۋەر بولالايدىغىنىمنى بىلەتتىم.

دىئانا چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مارىينىڭ ئانامغا يازغان تۇنجى خېتى مەن توغرۇلۇق يېزىلغاندەكلا بىلىنىدۇ. ئۇ خېتىدە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ۋاي دەيدىغانلىقى، لېكىن بۇلارنىڭ ئۇنى خۇشال قىلالمىغانلىقى، باشقىلارنى دەپلا ئەڭ بۈيۈك غايە-ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى يازغان ئىدى.

— قارا، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سۆز ئارىلىدى زەينەپ خانىم، — مارىيمۇ خۇددى ئوخشاش ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ. پەقەت سەنلا ئەمەس، ھەممىمىز مۇئەييەن بىر ئۆلچەمدە ئەتراپىتىكىلەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىمىزدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرمىز.

— لېكىن مارىي ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز غايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالماپتۇ.

زەينەپ خانىم بىر نەرسە دەي دەپ بولغۇچە دىئاننا سۆزىنى يەنە باشلاپ كەتتى:

— تۇنجى سائەتلىك دەرستە سارىگۇلنىڭ گەپلىرىدىن نېمىنى چۈشەنگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ سارىگۇل گوياكى مارىيدۇر، ۋىناس بولسا مەن! كېيىنچۇ؟ ئارتەمىس بىلەن مەريەم مەيدانغا چىقتى...

دىئاننا توختاپ زەينەپ خانىمنىڭ قويغان بۇ پاراللېل ئوبرازلىرىغا بىر چۈشەنچە بېرىدىغان - بەرمەيدىغانلىقىنى كۈتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئىپادىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئارتەمىسنىڭ يەنە بىر ئىسمى دىئاننا بولغاچقىلا، ياكى مەريەم بىلەن مارىينىڭ ئىسمى يېقىن كەلگەچكىلا بۇنى دەۋات-

قىنىم يوق. ئىشىنىڭ، مەن تېگىگە يېتەلمەيدىغان تاسادىپىي- لىقلارغا كاللامنى زىيادە ئۇپراتماسلىقنى ئۆگىنىۋالدىم. لې- كىن مەن ئەستايىدىل ئويلانمىسام بولمايدىغان بىر ئىش بار، يەنى مېنىڭ خۇددى ئارتەمىسكە ئوخشاش باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىم ۋە بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىلاھەنىڭ تو- نىغا ئورنىۋالغانلىقىمدەك رەھىمسىز رېئاللىق!... دەڭە، زەي- نەپ خانىم، دېگىنىم توغرىمۇ؟ مارىي بىلەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم خاتامۇ، ئېيتىڭە؟

— دىئاننا... ھەم باشقىلاردىن شىكايەت قىلىۋاتىسەن، ھەم ئۆزۈڭ ھەققىدە باشقىلاردىن سوراۋاتىسەن. ئۇنتۇمىغىن- كى، سېنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ يات، باشقا ئادەممەن.

— ياق، زەينەپ خانىم. مارىي سىزنى پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم دەپ يېزىپتىكەن، مەنمۇ ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا. ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا راست گەپ قىلىڭ، ئۆزۈم ۋە مارىي ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم خاتا ئەمەستۇ؟

زەينەپ خانىم مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن دىئانناغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى.

— ئاۋۋال دەيدىغىنىم قىزىم، مېنىڭچە ئۆزۈڭگە ئۇۋال قىلىۋاتىسەن. ھېچقايسىمىز نۇقسانسىز ئەمەسمىز. ئۆزىمىزنى ئەيىب - نۇقساندىن مۇتلەق خالىي بولىمەن دەپمۇ مەجبۇرلى- يالمايمىز. يەنە كېلىپ، دېگىنىڭدەك ھەرقانداق ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن قەدىرلىنىشنى ۋە ئەتراپىدىكىلەر تەرىپىدىن ئې- تىراپ قىلىنىشنى ئىستەيدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال.

دىئاننا زەينەپ خانىمغا قايىل بولمىغاندەك قارىدى.

— مۇبادا ئۆزىمىز خالىغان تەرزدە ئەمەس، باشقىلارنىڭ

بىزگە تاللاپ بەرگەن يولىدا ياشىساقچۇ؟ ئۇمۇ تەبىئىي ھالمۇ؟
— مەنمۇ ياكى باشقىلارمۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا ھۆكۈم چىقىرالمايمىز، جان قىزىم. توغرا، مەن بەلكى ساڭا گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ھەققىدە ئۇنى - بۇنى ئۆگىتەلەرمەن، ساڭا ئاز - تولا پەند - نەسىھەت بىرەلەرمەن. چۈنكى گۈللەر بىلەن سىردىشىش سەنئىتى مېنىڭ بىلىدىغىنىم، سىزنىڭ بىلمەيدىغىنىڭ، شۇنداقلا مەندىن ئۆگەنگۈڭ بار ئىش. لېكىن مەندىن ئۆزۈڭ ھەققىدە سورىما، دىئاننا... مەن سېنى بىلمەسمەن ۋە ھېچقاچان سېنى ساڭا ئۆگىتەلمەسمەن... مارىيىغا كەلسەك، ماڭا ئىشەن، سەن ھېس قىلغاندىنمۇ جىق نەرسە بىلىمەن. سەن بىلەن قانچىلىك بىرگە بولغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەنمۇ شۇنچىلىك بىرگە بولغاندىمەن. لېكىن كۆزىتىشىمچە، ئۇ ناھايىتى جەسۇر قىز. يەنە كېلىپ، — دەپ قوشتى زەينەپ خانىم، — سىزنىڭدەك گۈزەل!
دىئاننا كۈلدى ۋە مىننەتدارلىق تولغان كۆزلىرى بىلەن زەينەپ خانىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە باقتى. ئىشكىنى چېكىپ ئۇبدان قىپتىكەنمەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇنىڭ ھۆجىرىسىغا قايتقۇسى يوق ئىدى، زەينەپ خانىمنىڭ قېشىدا تۇرغۇسى، تاڭغىچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىدا 25 يىل ياشىمىغانمىدى؟ يەنە نېمە بولدى؟
دىئاننا سائەتكە قارىدى.
— ئىجازەت بەرسىڭىز ئەمدى قايتايمىكىن. كېچىنىڭ بۇ پەيتىدە مەن ئۇچۇن چىقارغان ۋاقتىڭىزغا ۋە گەپلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن.

— مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، — دېدى زەينەپ خانىم دىئان-
نانى ئۈزاتقىلى ئورنىدىن تۇرغاچ، — لېكىن ئەمدى بىر دەم دەم
ئالمىساقمۇ بولماس. چۈنكى ئاخىرقى دەرس ئەڭ قىيىندۇر.

# 35

ئالەم تېخىچە تۇم قاراڭغۇ ئىدى، دەرس باشلىنىشقا تېخى 19 مىنۇت بار ئىدى. دىئاننا گۈللەر بىلەن يالغۇز ئۇزاقراق تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇگۈن بالدۇرراق كەلگەن ئىدى.

دىئاننا باغقا كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن بىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سەزدى. شەپە زەينەپ خانىمنىڭ مېڭىشىغا ئوخشمايتتى، ئۇ بىر دەقىقە ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئەمەس دەل ۋاقتىدا، تەمكىن، شەپىسىز مېڭىپ كېلەتتى. كەلگۈچىنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئىتتىكلەۋاتاتتى، مېھمانخانىنىڭ تېگىگە ياتقۇزۇلغان ياغاچ تاختايدىن كېلىۋاتقان تاقۇر ـ توقۇر ئاۋازدىن ئۇنىڭ يۈگۈرۈۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

ھالبۇكى كەلگۈچى زەينەپ خانىم بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ يۈزى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.

— دىئاننا، بىلىمەن، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — بۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ئىدىڭ، ئەمما...

— ما... ماريي ئەمەستۇ؟!

— ماريي تېلېفون قىپتىكەن. مەن ئۇخلاۋاتقاچقا، سۆز قالدۇرۇپتۇ. ناھايىتى جىددىي بىر ئىش بولغىنىنى ۋە دەرھال سان فرانسىسكوغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئاھ خۇدا! ئانامنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغىنىنى ئۇققان ئوخشىمامدۇ. مەن بۈگۈننىڭ تۇنجى قېتىملىق ئايروپىلانىدىلا ئۆيگە قايتاي، زەينەپ خانىم.

ئۆيگە مارىيدىن بالدۇر بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن دىئانانىڭ ئەمدى بۇنىڭغا كۆزى يەتمىدى.

— ئانامنىڭ ۋاپات بولغىنىنى بىلمىگەن بولسۇن ئىلاھىم، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ. پۈتۈن ھاياتىنى ئانىسى بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسىغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن بىر قىز ئانىسىنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ كاللىسىغا كەلگەن بۇ ئويدىن دىئانانىڭ تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

ئۇنى سەل خاتىرجەم قىلىدىغىنى مارىينىڭ "جىددىي بىر ئىش" دېگىنى ئىدى. ھەرقانچە بولسىمۇ ماريي ئانىسىنىڭ تۇپراقىېشىنى كۆرۈشنى جىددىي ئىش دەپ يۈرمەس.

— كەچۈرسىز، زەينەپ خانىم، مەن تەييار بولاي.

— شۇنداق قىل، قىزىم. مەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئايروپىلاندىن ئورۇن ئۇقۇشاي.

دىئانا مېھمانخانىغا ئېچىلغان ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بولۇپ بىردىن توختىدى ۋە ئالدىراش كەينىگە يېنىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ سارىگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ تىز چۆكۈپ، بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بەرگى، يوپۇرماقلىرىنى ئاۋايلاپ سىلىدى ۋە:

— ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىسەن سارىگۈل، — دېدى، — مېنىڭچىمۇ بىر گۈلنى گۈل قىلغان ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىدۇر!

# 36

ئۇلار چۈشتە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئالالىدى ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلدى. دىئاننا پاسپورت تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كىرىشنىڭ ئالدىدا زەينەپ خانىمغا ئې-سىلدى.

— ماڭا قىلغانلىرىڭىزغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، سىزگە نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. بەلكىم قېشىڭىزدا ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك، مەنىلىك كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزگەن بولۇشۇم مۇمكىن. "بەلكىم" دېدىم... ئانامنى بىلگەن بولسىڭىز، نېمىشقا "بەلكىم" دېگىنىمنى ھېس قىلغان بولاتتىڭىز.

— ئۆزۈڭگە رەھمەت دە، گۈزەل قىزىم. بۇ ھەپتىنى ئالا-ھىدە مەنىگە ئىگە قىلغىنى مەنمۇ ۋە ياكى چالا قالغان دەرس-لىرىمىزمۇ ئەمەس، بەلكى گۈللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىش ئۇ-چۈن قىلغان جاسارىتىڭدۇر. بۇ ھېچكىمنىڭ قولىدىن كېلىد-دىغان ئىش ئەمەس. سەن ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، جىق ئىشلارنى بىلىدىغان ھالدا بۇ يەرگە قەدەم باسقان ئىدىڭ، لې-

كىن بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىڭىنىڭ ھېچقايسىسى سىزنىڭ گۈللەر-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلمىدى. ماڭا ئىشەن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇقايىلىقچە بەل قويۇۋەتمەيدىغان جاسارەت ئىگىلىرىلا بۇ مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. سەندە مۇنداق جاسارەت تو-لۇپ يېتىپتۇ.

دىئاننا كۈلۈمسىرىدى.

— ماختاشلىرىڭىزغا لايىق ئەمەسمەن، لېكىن سىز بىلەن تونۇشۇش مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولدى. بىلىشكى، قەلبىم مۇشۇ يەردە قالدى، زەينەپ خانىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ، چالا قالغان دەرسلىرىمنى تۈگەتسەم دەيمەن.

— قەلبىمىز نەدە بولسا بىز ھەرقاچان شۇ يەردىمىز، دى-ئاننا. قەلبىڭ بۇ يەردە قالغۇدەك بولسا، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما. جىسمىڭ باغدىن قانچىلىك ئۇزاقتا بولسا بول-سۇن، دەرسلىرىڭ ھامان تاماملىنىۋېرىدۇ، بۇنىڭدىن شۇبھى-لەنمە.

زەينەپ خانىم سومكىسىدىن كىچىك ئەتىر قۇتىسىدىن بىرنى چىقاردى.

— ئالدىراشچىلىقتا ئورىغۇدەك پۇرسەت بولمىدى. بۇ باغدىكى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قولدا ئې-تىلگەن، سوقراتنىڭ پۇرىقى سىڭگەن ئاجايىپ ئۆزگىچە پۇراقلىق ئەتىر. ئۇنىڭ ئالاھىدە خاس يېرى — ھەر قېتىم-لىق پۇرىشىڭدا ئوخشىمىغان پۇراق تارقىتىدۇ. چوقۇم ياقتۇ-رۇپ قالىسەن.

— نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، زەينەپ خانىم... بۇ-نىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى سىز

تەسەۋۋۇرمۇ قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئەپسۇسكى مېنىڭ سىزگە قالدۇرىدىغان ھېچنېمەم يوق...

— يەتكۈچە قالدۇردۇڭ، دىئاننا. ھۇزۇرۇمدا مېھمان بولغىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا ماڭا قىلىنىغان ئەڭ بۈيۈك ھەدىيەدۇر.

دىئاننا زەينەپ خانىمنىڭ قېشىدىن ئەمدى يىراقلىشاي دېگەن شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ ياپيېشىل كۆزلىرىنىڭ تەكتىدىن تۇيۇقسىز ئانىسىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە سومكىسىنى يەرگە تاشلىغىنىچە زەينەپ خانىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى يەنە ئاتتى.

— ئانامغا شۇ قەدەر ئوخشايدىكەنسىزكى...

زەينەپ خانىم دىئاننانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ گۇللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايسەن، ئەزىز قىزىم. شۇ چاغدا بۇنى بىر مۆجىزە دەپ ئويلىمۇالما، ئۇنداق ئويلىۋالساڭ ھاياتىنىڭ ھەرقاچان بىر مۆجىزە ئىكەنلىكى ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بىلكى، پەقەت گۇللەرلا ئەمەس، كائىناتتىكى جىمى نەرسە سۆزلەيدۇ.

# 37

ئايروپىلان بىردە ئەللىك مېتىرچە يۇقىرىغا ئۆرلىسە، تۇرۇپلا شىددەت بىلەن پەسكە شۇڭغۇيتتى، قانتى هازىرلا پاچاقلىنىپ كېتىدىغاندەك تەۋرىنەتتى، ماتورنىڭ غەيرىي گۈركىرىشى ئاڭلىناتتى، يولۇچىلار، نېمە بولدىكىن دەپ، چۆچۈپ كەتتى هەم ئايروپىلان بۆلۈمچىسىدىن كىشىنى خاتىرجەم قىلغۇدەك بىرەر سادا كېلەرمىكىن دەپ كۈتتى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇمۇ يەتمىگەندەك دىئاننا هەممىنىڭ يۈرىكىنى ئېغىزىغا كەپلەشتۈرۈۋەتتى.

دىئاننا يۈك ـ تاق قويىدىغان ساندۇققا ئېلىۋېتىلگەن سومكىسىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئالماقچى بولۇپ، "بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىۋېلىڭ" دەپ توختىماستىن يېنىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۆچۈشىنى خېلى ئۇزۇن كۈتتى. لېكىن ئۇ ئۆچمەكتە يوق، شۇ تەرزدە لىپىلداپ تۇراتتى.

"ئۆچمەيدىغانلا نېمىكەنغۇ سەن!" دىئاننا بىخەتەرلىك تاسمىسىنى يەشتى ـ دە، باشقا يولۇچىلارنىڭ، ئايروپىلاننىڭ كەينىدە تۇرغان كۈتكۈچىلەرنىڭ قارىشىغا پەرۋا قىلماستىن

ئورنىدىن قوزغالدى. دەل شۇ ئەسنادا ئايروپىلان شىددەتلىك سىلكىندى. دىئاننا ئۆزىنى كونترول قىلالماي، يېنىدىكى يولۇچىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

— كەچۈرسىز...

— بىر يېرىڭىزنى زەخىملەندۈرۈۋالمىغانسىز خېنىم، ئولتۇرۇۋالسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى ياشانغان ئادەم.

كۆتكۈچىلەرمۇ نارازى بولغاندەك ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى، يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى "نېمە قىلىۋاتىدۇ مۇنۇ قىز" دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قاراشقا باشلىدى.

دىئاننا پەرۋاسىز هالدا قايتىدىن تىكلىنىپ، يۈك - تاق قويىدىغان ساندۇقتا ئۆزاندى. جېنى باردەك ئېگىز - پەس سەكرەپ سىلكىنىۋاتقان سومكىسى يولۇچىلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپ كەتسە ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ ئاخىرى پالاكەتچىلىك يۈز بەرمەي سومكىسىنى ئېلىۋالدى ۋە جايىغا ئولتۇرۇپ ئايروپىلاننىڭ سىلكىنىشى سەل پەسەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەگرى - بۈگرى هەرپلەر بىلەن يېزىشقا باشلىدى.

*ئانا،*

*سەندىن بىر ئىشنى سورىسام دەيمەن.*

*مارىي مەندىن بۇرۇن تۇغۇلغان، شۇنداقمۇ؟ مەندىن بۇرۇن ماڭغان، تىلى مەندىن بۇرۇن چىققان، شۇنداقمۇ؟*

*مانا هازىرمۇ ئۇ مەندىن بىر قەدەم بۇرۇن مېڭىپتۇ. بەلكى مەن بۇ خەتلەرنى يېزىۋاتقاندا ئۇ سې-*

نىڭ قېشىڭغا باراي دېگەندۇ.

مارىي ئەسلىدە سەن بىلەن بۇرۇنلا كۆرۈشۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشۈش، بىرگە تۇ- رۇشقا مەندىنمۇ بەكرەك مۇناسىپ ئىدى. ئۇ سېنى سارائخلارچە سۆيىدۇ.

خاتا چۈشىنىۋالما، ئانا. مەنمۇ سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ھېچبولمىسا ئۇنىڭچىلىك سۆيە- مەن. لېكىن ئۇ سېنى، سېنىڭ قىزىڭ بولۇشنىڭ تەمى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ شۇن- چىلىك سۆيەلىدى؛ سېنىڭ مېھرىڭدىن ھېچقانداق لەززەت ئېلىپ باقماستىن، ئىللىق كۆكسۈڭدە ئۇخلاپ باقماستىن سېنى سۆيدى، سۆيەلىدى. سەن دائىم "سۆيگۈ سۆيگۈ ئەمەستۇر، ئاشىق بەدەل سورى- سا" دەيتتىڭغۇ...

ئەمدى سوراي جېنىم ئانا، بۇنداق ئەھۋالدا سې- نىڭ قىزىڭ بولۇشقا قايسىمىز بەكرەك مۇناسىپ كېلىمىز؟ مارىيمۇ، مەنمۇ؟ خاتىرجەم بول، جاۋابىدىن ھەرگىز قورقمايمەن. ئۇ مېنىڭ قوشكېزەك قېرىن- دىشىم، ئاچام! ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بەلكى مەنمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ قىزىڭ بولۇشقا لايىق كې- لەرمەن.

بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قىسمەتنى باشتىن كەچۈرۈپتىمىزغۇ نېمە بولسا؟ ئانىسىز ياكى دادىسىز چوڭ بولۇشىمىز؛ ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ مەدھىيەلىرىگە كۆمۈلۈشىمىز؛ ھېكايىگە بولغان مەي-

تۇنلۇقىمىز؛ چۈشلىرىمىز؛ زەينەپ خانىم بىلەن گۈللۈك باغ... تەرتىپ بويىچە كېلىدىغان ئىش بول ـ سا، مەنمۇ پات ئارىدا گۈللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىپ قالارمەن... لېكىن بۇنىڭ تېخى ھېچ مۇمكىنچىلىكى كۆرۈنگىنى يوق. بىلمىدىم، ئىشقىلىپ بىر تۇيغۇم تې ـ خىچە، بۇنداق ئىش چۆچەكلەردىلا مەۋجۇت، دەپ تۇرۇ ـ دۇ.

مېڭەمنى قوچۇپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش بار، ئانا... چۆچەكتىكى باش قەھرىمانلار جەزم قىلالماي ـ دىغان ئىشلىرىغا ۋەدە قىلمايدۇ، شۇنداققۇ؟ ئەگەر گۈللۈك باغدا مەن كۆرگەن ـ بىلگەن ئىشلار بىر چۆچەك دېيىلسە، ئۇ چاغدا زەينەپ خانىممۇ بىر چۆ ـ چەكتىكى باش قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭمۇ سۆزىدە تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. ئۇ ماڭا: "كۆنلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ گۈللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنەلەيسەن" دېدى.

بىلمىدىم...

چۆچەك، رېئاللىق، قورقۇنچ، ئۈمىد، مەن، ما ـ رىي... ھەممە ـ ھەممە نەرسە بىر ـ بىرىگە ئارىلى ـ شىپ كەتتى.

خۇش ئاۋازىڭنى ئاڭلاشقا شۇ قەدەر تەشنامەنكى...

كىچىك قىزىڭ دېئاننادىن

# 38

دىئاننا ئايرودۇرۇمغا ئالدىغا چىققان مېھمانخانا شوپۇرىنى كۆرۈپلا سورىدى:

— سالام، پائۇل، مەن يوق چاغدا ئانامنى ئىزدەپ ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىرەرى كەلدىمۇ؟

— بىلىشىمچە، ياق، دىئاننا خېنىم.

— مېھمانخانىغا باش تىقىۋېتىپ ئاندىن ئۆيگە بارايلى.

ئۇلار مېھمانخانىغا تېزلا يېتىپ كېلىشتى. دىئاننا ئاۋۋال مېھمانخانىنىڭ كۈتۈۋېلىش ئورنىدىكىلەردىن، ئاندىن مۇلازىملاردىنمۇ ئوخشاش بىر سوئالنى سوراپ چىقتى. قوشكېزەك ئاچىسىنىڭ بارلىقىنى بىلىندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن: "ئۆتكەن ھەپتە مېنى كۆردۈڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ساياھەتكە كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندىلا، كۆڭلى سەل تىندى.

مارىينىڭ مېھمانخانىغىمۇ، ئۆيگىمۇ كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ تېخى ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەردار بولمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. لېكىن ئۇ بۇ خەۋەرنى يەنە باشقا يەردىنمۇ ئاڭلىشى مۇمكىن ئىدى، دىئاننا بۇنى ئويلىسىلا جىددىيلىشىپ كېتەت-

ـتى.

دىئاننانىڭ قولىدىن ئۆيىدە كۈتۈشتىن باشقا ھېچ ئىش كەلمەيتتى. قولىقى ئىشىك بىلەن تېلېفوندا. ئۇ ئۆيدىن چىقـ ـماي ساقلاپ ئولتۇردى. لېكىن ھېچكىم تېلېفون قىلمىدى، ئىشىكنىمۇ ھېچكىم چەكمىدى...

تاقەتسىزلەرچە كۈتۈش تا تەڭ كېچىدە ئۇ كىرىسلوغا قىيسىيىپ ئۇخلاپ قالغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

# 39

ئىشىك قوڭغۇرىقى يەڭگىل جىرىڭلىدى. دىئاننا خىزمەت-كار لوپېز خانىمدىن ئاۋۋال يۈگۈرۈپ ئىشىكنى ئاچتى. پوچ-تالىيون كەلگەن ئىدى. دىئاننا ئۇ ئۇزاتقان كىچىككىنە كون-ۋېرتنى ئېلىپلا ئىشىكنى ئەتتى. كونۋېرتنىڭ ئۈستىدە خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمىمۇ، ئادرېسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما دىئاننا-نىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى قولىدىكى خەتنىڭ مارىيغا مۇ-ناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى. دىئاننا كونۋېرتنى ئالدىراش يىرتتى.

*ئانا،*

*بۈگۈن سان فرانسىسكوغا يېتىپ كەلدىم، سىبنى ۋاپات بولدى دېيىشتى. ئىشەنمىدىم.*

*جېنىم ئانا، نەدىسەن؟ ئەمدى كۆرۈشەيلى دېگەندە قەيەرگە كەتتىڭ؟*

*سىبنى بەك سېغىندىم، ئانا. سەنمۇ سېغىندىڭ، شۇنداقمۇ؟*

*ئۇنداقتا، كەل، ئال مېنى بۇ يەردىن. مەن ساڭا يازغان تۆتىنچى خەتتىكى ئادرېستا.*

*بىلىمەن، سەن كېلىسەن، چۈنكى سەن هايات.*

*چوقۇم كېلىسەن...*

*ناۋادا كەلمىسەڭ، "باشقىلار" نىڭ ئېيتقىنىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە، سەن بىلەن بۇ دۇنيادا دىدارلىشالمايدىغانلىقىمغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىمەن، ئانا.*

*ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا، سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە لازىملىق قۇربانلىقنى بېرىمەن ـ دە، قېشىڭغا مەن بارىمەن.*

*مارىيەدىن*

دىئانىنا چوغقا دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ، سەكرەپ كەتتى.

— ئاھ خۇدايىم، — ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، — كونۋېرتتا تۆتىنچى خەت يوق...

# 40

دىئاننا زەينەپ خانىمغا تېلېفون قىلىپ، كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى. ئاندىن، بىرەر يەردىن چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى — قەدىمىي ساندۇق، ئانىسىنىڭ ھۇجرىسى، كۇتۇپخانا، ئىشقىلىپ خەت كىرىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان جىمى بولۇڭ - پۇچقاقنى قايتىدىن ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن يەنىلا تاپالمىدى.

كەچلىكى تېلېفون تووۋلىدى.

— سالام، دىئاننا، خەتتىن دېرەك بارمۇ، قىزىم؟

— ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، زەينەپ خانىم، يوق! ساراڭ بولاي دېدىم.

— ئەندىشە قىلما. مارىي ئانىسىدىن بىرەر جاۋاب ئالالمىسا، مېنىڭچە چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ يەنە كېلىدۇ.

— بۇ يەردىكى ھەممە ئادەمدىن سورىدىم، ئۇ مېھمانخانىغىمۇ، ئۆيگىمۇ كەلمەپتۇ. ئانامنىڭ ۋاپاتىنى نەدىن ئاڭلىدىكىن، بىلمىدىم. بىر تەلەۋىلىك قىلىپ سالارمۇ، دەپ قورقۇۋاتىمەن.

— ياق، ياق... ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە. ئانىسىدىن زادى ئۇچۇر ئالالمىسا ھېچبولمىغاندا ماڭا تېلېفون قىلىدۇ. قورق-ما، قىزىم. مەن ئەتە ساڭا بىر تېز يوللانما يوللايمەن. ئۇنى ئاچ ۋە ناۋادا مارىي كەلسە ئۇنىڭغا بەر. بۇ، ئۇنىڭغا بەلكىم ئازراق تەسەللىي بولۇپ قالار. سەنمۇ خەتنى داۋاملىق ئىزدە-ۋەر، بولامدۇ؟

— بەلكىم ئۇنداق خەت مەۋجۇت ئەمەستۇ...

— كونۋېرتى بار دېدىڭغۇ؟ كونۋېرتى بولغان ئىكەن، خې-تىمۇ بولۇشى كېرەك.

# 41

دىئاننا ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي ئىزدىدى، ئەمما بارلىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. ئەڭ ئاخىرقى ئامال — ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، خەتنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ ئىلتىجا قىلدى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ بىرەر جاۋاب ئالالمىدى.

دىئاننا ئۆيىگە كېلىپ يەر ئاستى قەۋەتتىكى كۇتۇپخانىغا كىردى ۋە كىتابلار قاتار تىزىۋېتىلگەن جازىلارغا شۇنداق بىر قاراپ قويۇپ، قېلىن كىتابلار ئارىسىدىن كىچىك چېغىدا ئوقۇغان «كىچىك شاھزادە»نى سوغۇرۇۋالدى. مارىي ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا دادىسىغا قالدۇرغان خېتىدە، ئۇزاق يىللاردىن كېيىن «كىچىك شاھزادە»نى قايتا ئوقۇغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، "كىتاب پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ!" دەپ يازغان ئىدى. راست شۇنداقمىدۇ؟

دىئاننا كىتابنىڭ ئۈستىدىكى توپا ـ چاڭنى سۈرتۈپ مۇقاۋىسىنى ئاچتى...

دىئاننا بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كىتابنى

ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزگىچە بىر تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە خىلىغىچە تامغا يۆلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە قولىنى ئۇزاتتى.

*قەدىرلىك مارىي:*

*بىلەمسەن، ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ مەنمۇ «كىچىك شاھزادە»نى ھېلىلا قايتا ئوقۇپ چىقتىم، راست دەپ-سەن، كىتاب تامامەن ئۆزگىرىپتۇ!*

*مەنمۇ ئەمدى بەلكىم ئاستا - ئاستا "بىر گۈلگە مەسئۇل بولۇش" نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلارمەن. لېكىن ئەلۋەتتە بۇ تېخى مېنىڭ گۈلگە ئىگە بولۇپ، تولۇق ھۆددىسىدىن چىقا-لىغۇدەك بولغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ دەل ئىككى-مىزنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نۇقتا بولۇشى مۇم-كىن. مارىي، سەن گۈلۈڭگە ئىگە بولالايسەن. گۈلۈڭ-نىڭ غايىب بولغىنىنى مەندىن كۆپ بۇرۇن ھېس قىپسەن ھەم ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن چاماڭ-نىڭ يېتىشىچە تىرىشىپسەن. قىسقىسى، گۈلۈڭگە ئىگە بولۇپسەن...*

*قانداق ئويغا كەلگىنىمنى بىلەمسەن؟ كاشكى دادام مېنى ئېلىپ كېتىپ، سېنى ئانام بىلەن قال-دۇرسىچۇ؛ ئانام ھاياتىنى ماڭا ئاتىغۇچە، ساڭا ئاتى-سىچۇ دەپ ئويلاپ كەتتىم، مارىي! دېسەم، ئانامغا سەن ھەممىدىن بەك ھەقلىق كېلەتتىڭ.*

*يەنە شۇنى چۈشەندىمكى، ئەسلىدە ئانام سېنى*

ماڭا ئامانەت قويۇپ كەتمەپتۇ، بەلكى مېنى ساڭا ئاما-
نەت قويۇپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ساڭا موھتاج ئىـ-
كەنلىكىمنى بىلىپتىكەن.

راستىنى دېسەم، بۇنى مەنمۇ بىلەتتىم، مارىي.

شۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم بۇ يەرگە كەل، مارىي. ئا-
نام بىلەن بۇ دۇنيادا دىدارلىشالايدىغانلىقىڭغا ئىشەن؛
ئۇنىڭ خۇدانىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىگە، خۇدايىمنىڭ ھەم
ھەر زامان بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشەن!

بالىلىق چاغلىرىڭنى ئەسلە... شۇ كۈنلەردە ئا-
نامنىڭ بۇ دۇنيادا ئەمەسلىكىنى ياكى ئۇنىڭ نامەلۇم
بىر يەردە ئىكەنلىكىنى ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئا-
لەمدە يۈز كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتقان "باش-
قىلار"غا قايتۇرغان ئىنكاسىڭنى ئەسلە. "چوقۇمكى
باشقا بىر جاۋاب مەۋجۇت!" دېمىگەنمىدىڭ؟

ئەمدى قانداقسىگە بۇ پىكىردىن يالتىيىپ قال-
دىڭ؟ ياكى سەنمۇ مەندەك "چوڭ بولۇپ" قالدىڭمۇ؟

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن سېنىڭ كې-
لىپ مېنى تېپىشىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن.
چۈنكى قەلبىم ماڭا شۇنداق دەيدۇكى: "سەن مارىينى
ئىزدەشكە كىرىشتىڭ ئاۋۋاللا ئۇ ئاللىقاچان سېنى
ئىزدەشكە تۇتۇنۇپ بولغان ئىدى."

دىئاننا

# 42

دىئاننا ئەمدى كۆندىلىك خاتىرىسىنى يېپىپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلدى، ئۇ ئۇچقاندەك ئىشىككە يۈگۈردى.

كەلگىنى گابرىيل ئىدى، ئۇنىڭ قولىدا يوغان بىر بولاق تۇراتتى.

— مەرھابا دىئاننا، — دېدى ئۇ، — ئىستانبۇلدىن كەلگەن تېز يوللانمىڭىز بار. يەنە كىملەرنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلىدىڭىز ئۇ يەردە؟

— ئوغرىلىغۇمغۇ بارتتى، — دېدى زەينەپ خانىم كۆز ئالدىغا كەلگەن دىئاننا.

بولاق شۇنچە چىڭ ئورالغان ئىدىكى، كىشىگە دەماللىققا مومىيانى ئەسلىتەتتى. گابرىيل بولاق بىلەن بىللە بىر كونۋېرت ئۇزاتتى. دىئاننا ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۇزاتقاندىن كېيىن، كونۋېرتنى ئاچتى:

*سۆيۈملۈك دىئاننا،*
*بولاقنىڭ ئىچىدە سوقرات ۋە مارىينىڭ چۈشىدە*

ئايان بولغىنىغا ئوخشايدىغان ئاق گۈللەردىن تۈزۈل-
گەن بىر تاج بار. مارىي سوقراتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلى-
ياللىسام ئاندىن ئانامنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىيالايمەن، دەپ
ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تىلىكى پات ئارىدا رېئاللىققا
ئايلانغۇسى.

سارىگۈلنىڭ سەندىن كىچىككىنە ئىلتىجاسى بار
ئىكەن.

سارىگۈل نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بىر لەتىپىسىنى
مارىي ئۈچۈن تەييارلاپتۇ، ئىككىڭلار دىدارلاشقاندا
سىز ئۇنىڭ بۇنى مارىيغا ئوقۇپ بېرىشىڭنى بەك ئۈمىد
قىلىدىكەن. مارىي سوقراتنىڭ شېئىرىنى تىڭشىغاز-
دىن كېيىن بىر ئاچقۇچ ئىزدەيمىش ۋە ئۇنى پەقەت
تۆۋەندىكى ھېكايەت ئارقىلىقلا تاپالايمىش.

## خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى

نەسرىددىن ئەپەندى بىر كۈنى ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈ-
ۋېتىپتۇ. ئۇ ئىزدىمىگەن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچا -
كوي، قوشنا - قولۇملارنىڭ ئۆيى، مەھەللە يوللىرىمۇ
قالماپتۇ، ئەمما ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ.

ئەپەندىم شۇنىڭ بىلەن قوشنىلىرىنى ياردەمگە چا-
قىرىپتۇ ۋە ھەممەيلەن بىرلىكتە پۈتۈن مەھەللىنى ئالا
قويماي تاسقاپ چىقىپتۇ. ئاچقۇچ خۇددى يەر يۇتقاندەك
ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوقمىش! شۇ ئەسنادا بىر قوشنىسى
ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاچقۇچىڭىزنى ئۆيىڭىزدە يىتتۈرۈۋەتمىگەنسىز-ھە؟

— شۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆيدە يىتتۈرۈۋەتكەن. لېكىن قارىسام ئۆينىڭ ئىچىگە قارىغاندا تالا يورۇقراق ئىكەن، شۇڭا تالادىن ئىزدەۋاتىمەن.

سارىگۈل مارىيىغا دېمەكچى:

"مارىي ئاچقۇچىنى 'سىرت'تىن ئەمەس، 'ئىچ'تىن ئىزدىسۇن."

بەلكى ئۇ قۇرۇق ئاۋارە بولماس.

سېنىڭ ياردىمىڭ ئۈچۈن سارىگۈل ئىككىمىز ھازىردىن باشلاپ تەشەككۈر ئېيتقاچ تۇرايلى، ئەزىزىم.

زەينەپ

# 43

دىئاننا بولاقنىڭ سىرتىدىكى قېلىن قەغەزنى كېسىپ، ئېھتىيات ئۈچۈن تىقىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى ئالدى. ئاخىرى سوقراتنىڭ ئۈستى قاپلاپ قويۇلغان كۈمۈش رەڭ خەسىلا قالدى. دىئاننا تەشتەكنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن قويدى ۋە خۇددى بىر مۇقەددەس ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئېچىۋاتقاندەك ئاۋايلاپ خەسىنى كۆتۈردى.

سوقرات!

— يا خۇدا! — دەۋەتتى دىئاننا ئىختىيارسىز ۋە يەرگە پوككىدە تىزلىنىپ قالدى. ئۇ كىرپىكىنى مىتمۇ قىلماستىن، نەپەسمۇ ئالماستىن سوقراتقا قارايتتى. سوقرات — تۆت تال قارا گۈل غۇنچىلاپ تۇرغان بىر تۇپ گۈل!...

ۋاقىت گويا توختاپ قالغان ئىدى. دىئاننا ئايلىنىشتىن توختاپ قالغان ئاشۇ ۋاقىت چېكىدا سوقراتقا قارىغىنىچە قېتىپ قالغان...

تۆت قارا گۈل!

دىئاننا تويۇقسىز ئورنىدىن تۇردى - دە، ئانىسى ئۇنىڭغا

بەرگەن ئاخىرقى تۇغۇلغان كۈن ھەدىيەسى بولمىش كۈمۈش رامكىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن رامكىنىڭ چۆرىسىگە چۈشۈرۈلگەن تۆت قارا گۈلنى خىلىغىچە سىلاپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن رامكىدىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

*"ياق!*
*سەن ئۆيلىغان كەبى ئەمەس ئىش،*
*يوقاتمىدىڭ مېنى ھېچقاچان.*
*ئاڭلىتىمەن بارچىنى ساڭا،*
*خاتىرەڭنىڭ كەينىدىن ھامان."*

ئۇ مىسرالارغا كۆز يۈگۈرتۈۋاتقاندا، ئۆزىنى خۇددى ئۆتمۈشكە قايتىۋاتقاندەك سەزدى.

ئۇ مارىيىنىڭ خەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بەزى سۆزلەرنى ئەسلىدى. مارىي باشقىلارغا "ياق، ئىشلار سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس" دېگەن ئىدى... چۈشىدە ئانىسى مارىيغا "سەن مېنى ھېچقاچان يوقاتمىدىڭ" دەپ تەسەللى بەرگەن ئىدى. مارىي بىلەن پاراڭلاشقان ھال رەڭ گۈل ئۇنىڭغا "ئاناڭ ساڭا ھەممە نەرسە ئارقىلىق سۆزلەۋاتىدۇ" دېگەن ئىدى...

گۈللۈك باغدىكى كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى دېئاننانىڭ. ئارتەمىس بىلەن مارىيىنىڭ ئوخشاش بىر تەشتەكتە جەڭگى ـ جېدەلگە پاتقان ھالدا ئۆسۈۋاتقان ھالىتى كەلدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا. ئىككىيلەننىڭ تالاش ـ تارتىشى ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھېلىھەم ئەكسىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ زەينەپ خانىمنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئەسلىدى. خۇددى مارىيىنىڭ خېتىدىكى

گەپلەرگە ئوخشاشلا، بۇلارمۇ ئانىسىنىڭ سۆزىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

دىئاننانىڭ ئېسىگە زەينەپ خانىمنىڭ كۆزىدە ئانىسىنى كۆرگەندەك بولغانلىقى كەلدى. ئۇ زەينەپ خانىمنىڭ كۆزىگە يەنە بىر رەت قارىغاندەك بولدى. ئۇ كۆزلەر ئەمدى زەينەپ خانىمنىڭ ئەمەس، بەلكى ئانىسىنىڭ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدىغان مېھرىلىك يېشىل كۆزى ئىدى.

ئۇ بۇرۇنلاردا ئانىسىدىن خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدىگەن چاغلىرىنى ۋە ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا "سېنىڭ خەزىنەڭنىڭ ئاچقۇچى مەندە ئەمەس قىلسۇن" دېگىنىنى ئېسىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى؛ سارىگۈل مارىي ئۇچۇن ئەۋەتكەن "خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى" دېگەن لەتىپىنى؛ جونسون خانىمنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ قويغان سېرىق گۈللىرىنى ئەسلىدى...

قارىغانسېرى شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ئۇنىڭغا مارىينىڭ بىر خېتىگە ئىشارە قىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. دەقىقە ئۆتكەنسېرى ئۇ ئۆزىنى غايىب خەتكە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

"ياق! سەن ئويلىغان كەبى ئەمەس ئىش!" ئەجەبا بۇ، مارىينىڭ باشقىلارغا "ئېتىراز" كۆرسىتىپ قويغان تۇنجى خېتى؛ "يوقاتمىدىڭ مېنى ھېچقاچان" — مارىينىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان چۈشى بايان قىلىنغان ئىككىنچى خەت؛ "ئاڭلىتىمەن بارچىنى ساڭا" — ھال رەڭ گۈلنىڭ ئانىسىنىڭ مارىيغا جىمى نەرسە ئارقىلىق سۆزلەپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئۈچىنچى خېتىگە ئىشارەت ئەمەسمۇ؟! تۆتىنچى

خەتنىڭ يىپ ئۇچىمۇ چوقۇمكى تۆتىنچى مىسرادا!
دىئاننا شېئىرنىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا باشلىدى:
ــ خاتىرەڭنىڭ كەينىدىن هامان، خاتىرەڭنىڭ كەينىدىن... خاتىرەڭنىڭ..
ــ خاتىرە...
ــ كەينى....
دىئاننا بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئانىسىدىن خاتىرە قالغان رامكىغا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ رامكىنى تامدىن ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە، ئارقىسىنى ئۆرۈدى.
يا خۇدا! رامكىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستى بۇرجىكىدە كىچىككىنە ئاچقۇچ تۆشۈكىدىن بىرسى تۇراتتى.
دىئاننا بىردىن سارىگۈلنىڭ زەينەپ خانىمنىڭ خېتىدە ئېيتقان گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، رامكىنى ئۈستەلگە قويۇپ هۇجرىسىغا يۈگۈردى. ئۇ كىرىپ كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى قەلەم ـ قەغەز سېلىنغان تارتمىنىڭ ئىچى ـ تېشى، ئالدى ـ كەينىنى قويماي ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىر چاغدا بارمىقى تارتمىنىڭ تېگىگە بېنت بىلەن تېڭىۋېتىلگەن ناهايىتى كىچىك بىر ئاچقۇچقا ئۇرۇندى.
ــ رەهمەت ساڭا سارىگۈل! ــ دېدى دىئاننا ئاچقۇچنى ئالىقىنىدا چىڭڭىدە سىققىنىچە.
ئۇ زالغا كىردى ۋە ئاق گۈللەردىن توقۇلغان تاجنى سوقراتنىڭ غولىدىن ئېلىپ، بېشىغا ئاۋايلاپ كىيدى. ئاندىن كۈمۈش رامكىنى قولىغا ئالدى. ئاچقۇچ شۇ قەدەر كىچىك ئىدىكى، رامكىنى ئاچقۇچە چۈشۈپ كېتىپ، مىڭ تەستە ئاچتى.

رامكىنىڭ ئىچىدىن كەينىگە ئۆششاق خەت بىلەن يېزىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر پارچە خەت سىيلىنغان كۆمۈش لەۋھە چىقتى. ئۇنى قولىغا ئالغۇچە دىئانانىڭ يۈرىكى شۇنداق تېز سوقۇپ كەتتىكى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئۆزىگىمۇ ئاڭلىنىپ كەتتى.

دىئانا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆمۈش لەۋھەنى دۈ-پۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىگە باستى. لەۋھەنىڭ ئۈستى قىسمىغا "مارىينىڭ ئادرېسى" دېگەن ئىككى كەلىمە خەت يې-زىلغان، ئاستىدا ئۆزىنىڭ يۈزى ئەكسىلىنىپ تۇراتتى.

دىئانا سەل كەينىگە سۈرۈلۈپ قالغان تاجىنى ئوڭشىغاچ "بەئەينى بىر چۈش" دېدى ئىچىدە. ئۇنىڭ مەڭزىدىن ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشتى، ياشلىق كۆزلىرىنى ئانىسىنىڭ خېتىگە يۆتكىدى:

*سۆيۈملۈك قىزىم دىئانا، ياكى داداڭنىڭ چاقى-رىشى بويىچە مارىي...*

*مارىي! بوۋاقلىقىڭدا داداڭ دائىم قولىقىڭغا شۇنداق دەپ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئىسىم بىلەن سېنى قايتا چاقىرغۇم كەلمىدى. تا سەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىنىڭ تېگىگە يېتىدىغان بولغاندا ئاندىن چاقىراي دېدىم...*

*سېنى ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ باقسۇن، دېگىنىز - ئوكيان ئاتلىسۇن ۋە قوشكېزەك ئاچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دەھشىتىدە تىترەپ باقسۇنكى، ھېچقانداق بىر كۈچ بۇ ئىسىمنى ئۇنتۇلدۇرالمايدىغان بولسۇن*

دېدىم.

سېنى مارىيىنىڭ ھۇزۇرىغا بارسۇن دەپ ساڭا رى-ئاللىقتىن ھالقىغان بىر ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىش-قا مەجبۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن خىجىلمەن. ئاز قالغان ئۆمرۈم ماڭا باشقىچە ئىمكانىيەت بەرمىدى. بۇرۇندىن سېنىڭ ئاشۇ گۈللۈك باغقا بىر بېرىپ كېلىشىڭنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدىم.

ئۆكتەبىر ساياھەتلىرىگە تەققاس بۇ كىچىك سە-پەر ئارقىلىق سېنى غايە - ئارزۇلىرىڭنى ئۇنتۇلدۇر-غان ۋە سېنى بارغانسېرى ناخۇش قىلىپ كېتىپ بارغان ئاشۇ نەپسنى ئۆلتۈرسەكەن دېدىم، قىزىم.

بۇ خەتنى قولۇڭغا ئالالىغان ئىكەنسەن، چوقۇمكى گۈللەرنىڭ پايانىغا خېلىلا چوڭقۇرلاپ كىرىپ بول-دۇڭ؛ گۈللۈك باغنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىڭ...

ناۋادا شۇنداق بولسا... يەنى، ئۇ باغ ساڭا باشقا باغلاردىن پەرقلىق تۇيۇلغان بولسا... سوقرات سەن ئۈچۈن باشقا گۈللەردىن ئۆزگىچە بىلىنگەن بولسا... مۇبادا باغدىكى "سەن"، باشقا "سەن" دىن پەرقلىق تۇ-يۇلغان بولسا... ۋە بۇ پەرق ساڭا كىبىرۇ تەمەننا ئە-مەس، بەلكى كۆللى ئالەم ئالدىدا كىچىك پېئىللىق تۇيغۇسى ئاتا قىلالىغان بولسا، ئۇنداقتا زەينەپ خا-نىم ئىككىمىز سېنى ئۆكتەبىردە ئەفەسكە بېرىشقا دەۋەت قىلىمىز، جېنىم قىزىم! ئۆكتەبىر ساياھىتى ساڭا مارىيىنى ئەڭ ياخشى تونۇتقۇسى...

ئەفەستە قىزىمنى باغرىمغا بېسىش، ئۆكتەبىر- نىڭ يامغۇرىدا قىزىم بىلەن ياندىشىپ سەيلە قىلىش ئۈچۈن، كىم بىلىدۇ، مەنمۇ جىمى قىزىكىلىق قا- نۇنلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ بىر ئۇچار ئاتقا مىنگىنىمچە قېشىڭغا كېلەمدىم تېخى.

سەن بەلكىم تېخى مېنى كۆرەلمەسلىكىڭ مۇم- كىن، لېكىن ئەفەستىكى سادالارغا ئوبدان قۇلاق سال، قىزىم. بايقايسەنكى، ئەفەستە، ئىككى ئاۋاز يوق، پەقەت ۋە پەقەتلا بىر ئاۋاز بار! مارىيىنىڭ، سې- نىڭ ئاۋازىڭ!

ناۋادا ئۇ ئاۋاز كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ساڭا: "ھوقۇق بىيۇرولىرىغا يوللىغان جىمى دىلولىرىڭنى قايتۇرۇ- ۋېلىپ، ئالدىڭغا بوش ۋاراق ئال ۋە كەسپىي ھاياتىڭ- نىڭ تۇنجى كىتابىغا قەلەم تەۋرىتىشكە ئاتلان" دەپ قالسا، ساڭا بىر تەكلىپىم بار، قىزىم. كىتابىڭدا ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق ئەڭ قەدىمىي ھېكايىنى سۆز- لە، قىزىم:

سەندىن باشلىنىپ، سەندە ئاخىرلىشىدىغان بىر سەپەر...

بۇ ھېكايىنى ھاياتىڭدا جىق يازدىڭ، ئەمدى قە- غەز بېتىگە تۆك.

بەلكى ئاشۇ يازمىلىرىڭنىڭ بىرىدە، زەينەپ خا- نىمنىڭ ساڭا گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىساڭ مۇ- كاپاتلاشقا ئەھدە قىلغانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ قويار-

سەن. شائىر يۇنۇس ئەمرە دەيدۇكى:

بىر مەن بار ئىدىم مەندە، مەندىن ئىچىدە...

جانجىگەر قىزىم، سىنى سۆيىمەن، شۇنداقلا ھەر زامان يېنىڭدىمەن!

ئاناڭدىن



# ئۈچىنچى بۆلۈم

# 44

قەدىرلىك ئانا:

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن سەن بىلەن كۆرۈشۈش مېنى چەكسىز خۇشال قىلىپ تۇرۇپتۇ. توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ئەفەسكە يېتىپ بارىمەن! ئۆكتەبىر يامغۇرىغا سەن بىلەن بىرگە كىرىش ئۈچۈن...

تۆت ئايدىن بېرى تۇنجى رومانىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتىمەن. رومانىمنى ساڭا بەكلا ئوقۇپ بەرگۈم بار ئىدى، ئەپسۇس هازىر ئەمەس. ساڭا ۋەقەلىكنىي قىسقىچىلا سۆزلەپ بېرەي.

كىتاب بىر گۈل توغرۇلۇق يېزىلدى، ئانا. گۈلنىڭ ئىسمى ئەفەس گۈلى، بىر ئىلاهىي پۇراق بىلەن يارىتىلغان گۈل. پۇرىقىدىن ئالاهىدە بىر خۇش ئاۋاز چىقىدۇ، ئۇ چۈشلەر ۋە پەرىشتىلەر هەققىدە سۆزلەيدۇ؛ خۇدا بىلەن بۇ ئالەمدە دىدارلىشىش باياندا سۆزلەيدۇ.

ئەمما گۈل چوڭ بولغانچە، ئۆز ئاۋازىغا زەن قويـ

غانىسىرى باشقا بىر سادانى — "مەن" دەپ بارغانسېرى كۈچلۈك چىقىۋاتقان بىر ئاۋازنى سىزىشكە باشلايدۇ. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك كۈچلۈككى، گۇل بارا – بارا ئۆز ـ زىنىڭ ئەسلىي ئىلاھىي ئاۋازىنى ئاڭلىيالماس بولۇپ قالىدۇ.

گۇل ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆز خۇش پۇرىقىنى قوغدىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ شۇنداق بىر يەرگە كېلىپ قالغان ئىدىكى، ئۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ رەڭگى، تاشقى تۇرقى، بەرگ ـ يوپۇرماقلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلۈشەتتى.

گۇل ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش خىيالىدا، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىگە يارىشا ياساپ ـ تاراشقا باشلايدۇ. ئۆس دېسە ئۆسىدۇ؛ ئۆزۈڭنى نامايىش قىل، دېسە ئۇنىسىز ئىتائەتتە دې ـ گىنىنى قىلىدۇ... شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېتىبارسىز قالغان خۇش پۇرىقى توزۇپ، ئۇچۇپ كېتىشكە باشلايدۇ.

ئادەملەر ئاۋۋال ئۇنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى خۇددى بىر مەبۇدەدەك كۆرۈپ مەدھىيە ياغدۇ ـ رۇشىدۇ. ھەددى ـ ھېسابسىز مەدھىيە ـ ئالقىش تۇ ـ پەيلى، گۇلمۇ بارا ـ بارا ئۆزىنى مەبۇدە دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەسلىدە قانداقتۇر ئۇلۇغ نەرسە ئەمەس، ئاد ـ دىي بىر گۇل بولۇپ يارىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئالاھىدە سا ـ نىلىشقا يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماس ھالغا كېلىپ قالىدۇ.

ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىنى ناھايىتى ناخۇش ھېس قىـ.
لىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى بىردىنبىر خۇش قىلىـ.
دىغان نەرسە ئانىسىلا ئىدى. ئەمما ئانىسىنىڭ مۇ.
ھىملىقىنى؛ ئانىسىغا نەقەدەر موھتاجلىقىنى ھېس
قىلىشقا باشلىغان شۇ كۈنلەردە ئۇ ئانىسىدىن مەڭ.
گۈلۈك ئايرىلىپ قالىدۇ. ياق، توغرىسى، ئانامدىن ئاي.
رىلىپ قالدىم دەپ ھېس قىلىدۇ.

راستىنى دېسەم بۇ ھېكايە بىر گۈل توغرۇلۇق
ئەمەس، بىر ئانا ھەققىدە، جان ئانا. ھەقىقىي گۈلنىڭ
ھېچقاچان ئۆلمەيدىغانلىقى، سولغاندىن كېيىنمۇ
ئەتراپىغا داۋاملىق خۇش پۇراق تارقىتىۋېرىدىغانلى.
قىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن، گۈلنى "ئېسىگە كەلتۈ.
رۈش" ئۈچۈن، گۈل تەشتىكىنى قاتتىق سىلىكىگەن
بىر ئانا ھەققىدە!

بۇ مۇمكىنمۇ؟ گۈل ئاللىقاچان ئېسىدىن كۆتۈ.
رۈلگەنلەرنى ئەسلىيەلەرمۇ؟ يېڭىدىن ئۆگىنىپ قالغان
نەرسىلەرنى ئۇنتۇيالارمۇ؟ خۇش پۇرىقىنى قايتۇرۇپ
كېلەلەرمۇ؟ ۋە ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئاۋازىنى قايتىدىن
ئاڭلىيالارمۇ؟

مەن ئەلۋەتتە شۇنى ئۈمىد قىلىمەن...

ھەئە، ئانا، رومانىمدىكى ۋەقەلىكنىڭ باش ـ ئا.
خىرى مانا شۇ. ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ
چىقالامدىم ـ يوق، بىلمەيمەن. مېنىڭچە، بۇ شۇنداق
يېزىشتىن بەكرەك شۇنداق ياشاش كېرەك بولغان
بىر ھېكايە. زەينەپ خانىمغا زەيتۇننىڭ تەمىنى ئېي.

تىپ بىرەلمىگەن ئادەم، گۇللۇك باغنىڭ يۇكسەكلىـ-
كىنى قانداق تەرىپلەپ بىرەلەي؟

لايىقىدا يازالىسام تىېخى، باشقىلار ياقتۇرغۇدەك
بىر نەرسە يېزىپ چىقالمىسامۇ ھېچقىسى يوق. ھې-
كايە مەن ئۇچۇن يەنىلا ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.
چۇنكى ئۇ سەن ھەققىدە ئانا. بولدى، مۇشۇنچىلىك
سۆزلەي. ھېكايىنى مەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىنغۇ سەن
ماڭا سۆزلىدىڭ، ئانا. يەنە كېلىپ مەن ماڭا ئەمدى
ھېكايە سۆزلەپ بىرەلمەيدىغانلىقىڭنى چۇشەنگەن بىر
زاماندا...

ساڭا كۆپ رەھمەت، ئانا!

ھاۋادا بىر خۇش پۇراق ھىد بۇرنۇمغا پۇراۋاتىدۇ.
ھەر پۇراشتا ئۆزگىچە خۇش ھىد...

گۇل پۇرىقى... ھەممە ياق...

دىئاننا

19 ـ سېنتەبىر

# 45

رومانىمنى پۈتكۈزۈۋېتەي دەپ جىددىي ئىشلەۋاتقاندا، كۆزۈم توساتتىن بەش ـ ئالتىسى بىر توپ بولۇپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن كۆك شارچىلەرگە چۈشۈپ قالدى. نەلەردىن كەلدىكىنە بۇ نەرسىلەر؟

دېرىزىنى ئاچىمەن. باغچىدا بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھەيۋەت چوڭ يېزىلغان ئېلان يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ:

*”كالىفورنىيەنىڭ رەڭگارەڭ ساھىللىرى“*
*كوچا رەسىملىرى كۆرگەزمىسى، 24 ـــ 27 ـ سېنتەبىر*

رومانىمغا كۆك شارچىلارنى كۆرگەن بۇ بۆلۈمنى قوشۇۋەتكەندىن كېيىن، ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىمەن.

# 46

كۆرگەزمىگە يېقىنلاشقىنىمدا كۆزۈم تىز نۇقتىلىگەن يە- گىرمىگە يېقىن دىگىز رەسىملىرىگە چۈشىدۇ. كۆزۈم ماسى- ئاسنى ئىزدەيدۇ، ئەمما دەماللىققا ئۇنى تاپالمايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ يەردە سىزغان رەسىمىنى ئىزدەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلايمەن. دەل شۇ چاغدا پالچى قەلەندەرنىڭ ماڭا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغىنى كۆزۈمگە چېلىقىدۇ.

— تەلىيى ئوڭ خانقىز، قارىغىنا كىم كەپتۇ؟

— قاراپ باقمىزغۇ. نېمىشقا كەلدى، بىلمىدۇق تېخى.

— كۆرىمىز.

— كۆرىمىز، — دەيمەن، — ھە، ئېسىمدە بارىدا يەتكۈ- زەي، تۇنۇگۈن جونسون خانىم بىلەن كۆرۈشكەنىتىم، سىزگە سالام ئېيتتى. ھازىرغىچە سوۋغىسىنى نېمىشقا قوبۇل قىل- مىغىنىڭىزدىن ھەيرانكەن.

— نېمىشقا قوبۇل قىلغۇدەكمەن؟ مەن بىر دۇرۇس ئادەم- مەن، ئۆز ئىشىمغا ئىخلاس - ھۆرمىتىم بار. پال سالمىغان تۇرسام نېمىشقا پال ھەققى ئالغۇدەكمەن، ياكى سوۋغا؟

— ماڭا پال سالمىغان بىلەن، لېكىن باشقىچە بىر يوللار بىلەن مېنىڭ ئاشۇ خەتلەرنى ئوقۇشۇمغا سەۋەبچى بولدىڭىز ـ دە. ئانامغا، جونسون خانىمغا ياردەم قىلدىڭىز. مۇشۇنىڭ ئۆ ـ چۈن بولسىمۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلسىڭىز بولۇۋېرەتتى.

— ياخشىلىققا ھەق؟ بۇنى بىز سودا دەيمىز، خانقىز. ياخشىلىق دېگەن...

پالچى تۇيۇقسىز توختاپ، قولى بىلەن باشقا تىلەمچىلەرنى ئىشارەت قىلدۇ:

— ئۇلارنى كۆرۈۋاتامسەن؟ قورسىقى ئەتىگەنلا تويۇپ بو ـ لىدۇ، ئۇلار دىيارىمىزنىڭ ئەڭ تەلەيلىك تىلەمچىلىرى. ئاخ ـ شاملىرى ئايلانغىنىڭدا قاراپ باقماپسەن ـ دە، نېمە يەۋاتقان ـ لىقىغا؟ ھەممىمىز ئالىيۇمىن قاچىلاردا ئىسسىق غىزا يەيتتۇق. ھەركۈنى ئەتىگەن ـ ئاخشاملىق تامىقىمىزنى بىر ياش يىگىت ئەكېلىپ بېرىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ئادەتنى نەچچە يىل داۋام قىلدى. بۇ يېمەكلىكلەرنى كىمنىڭ ئەۋەتىۋاتقانلىقىغا ئەجەب ـ لىنىپ، يىگىتنى قىستىدۇق، ئەمما ئېغىزىدىن ھېچقانداق گەپ ئالالمىدۇق. باشقىلار ئۇ ساخاۋەتچىنىڭ كىملىكىنى تا ھازىرغىچە بىلىشمەيدۇ، ئەمما مەن بىلىمەن. چۈنكى بىزگە يېمەك كەلمىگىلى توپتوغرا ئالتە ئاي بولدى. ئەمدى ئېيتە خانقىز، سېنىڭچە بۇ يېمەكلىكنى بىزگە كىم ئەۋەتكەندۇ؟

"بىلمەيمەن" دېگەن مەنىدە قولۇمنى ئىككى ياققا كېرىپ ـ مەن. ئالىيۇمىن قاچىلارغا مەنمۇ دىققەت قىلغان، ئەمما ئۇنى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

— دېمەك، ياخشىلىق دېگەن، — دەيدۇ قېرى پالچى

كۆلۈپ، — قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆز قىزىغىمۇ بىلدۈرمەسلىكتۇر.

نېمە دېيىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىمەن. ئەمما ئىچىم ئاپتاپتەك يورۇپ كېتىدۇ. ئانامنىڭ قىزى بولۇپ قالغىنىمدىن يەنە بىر رەت چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىمەن.

— كەچۈرۈڭ، راست بىلمەيدىكەنمەن، — دەيمەن، — مېھمانخانىدا ھېچكىم ماڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماپتۇ. مېھمانخانىغا قايتىپلا غىزا يەتكۈزۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇراي.

— كېرىكى يوق، — دەيدۇ ئۇ، — مەن پەقەت جونسون خانىمنىڭ ھەدىيەسىنى نېمىشقا قايتۇرۇۋەتكىنىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا بۇلارنى دەپ قويدۇم. بولدى، سەن ئەمدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ، رەسىملەردىن زوقلان. سېتىلىپ بولغۇچە كۆرۈۋال.

— ماقۇل، مەن كۆرەي ئەمىسە، — دەيمەن ئۇنىڭ دۆمبىسىگە ئامراقلىق بىلەن يەڭگىل شاپىلاقلاپ خوشلىشىپ.

قېرى پالچىنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ، سەل نېرىدا غۇژغۇژ مەكىلىشىپ تۇرغان بىر توپ ئادەمگە قاراپ ماڭىمەن. ئۇلار ماسىئاسىنىڭ بۇ يەردە سىزغان رەسىمىنى كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. رەسىمگە ئالارمەننىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ماسىئاسىنىڭ بۇ يەرگە مېنى دەپ كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. چۈنكى ئۇ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىققان رەسىمىنى سىزغان يېرىدە كۆرگەزمە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ يەردە سىزغان رەسىم ھەقىقەتەنمۇ كۆرگەزمىدىكى ئەڭ چىرايلىق رەسىم ھېسابلىناتتى. دولقۇننىڭ غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چايكا تېخىچە تاق — بىر بولىدۇ. يالغۇز ئۈچۈش-

تىن زېرىكمىگەنمىدۇ بۇ قۇش تېخى؟
كۆزلىرىم ماسسئاسنى ئىزدەيدۇ، كۆزۈم توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەن تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرغان ياشقا چۈشكەندە، ئۇنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىمەن. توپتوغرا ئۇدۇلۇمدا. قولىدا باھا تىزىملىكى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ تۇرىدۇ. يېقىن بېرىپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالىمەن.
— ئۆزگىچە بۇ رەسىمنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدۇق، — دەيدۇ ئۇ ئادەم، — خوتۇنۇممۇ چىڭ چاپلىشىۋاتىدۇ. ئازراق چۈشۈرۈپ بەرسىڭىز، بىز ئېلىپ قالايلى.
— كۆزىڭىز ئەڭ مۇھىم رەسىمگە چۈشۈپتۇ. مەنمۇ شۇ رەسىمنى ھەممىدىن بەك ياقتۇرىمەن. سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە غۇ خۇش بولۇپ...
مېنىڭ يېنىدىلا تۇرغىنىمنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ئۇ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا توختاپ قالىدۇ ۋە سىلكىنىپ چىرايىمغا سەپسالىدۇ. يا "سالام"، يا زۇۋان يوق، خۇددى تىلى تۇتۇلغاندەك؛ گويا دۇنيانىڭ ئەڭ ئاجايىپ مەخلۇقاتىنى كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالىدۇ. پېشانىمگە بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالمىغان بولغىيتتى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن ئۆزۈمچە. بۇ قاراش ئونبەش - يىگىرمە دەقىقىچە داۋاملاشقاندا، ئۇ بىردىن ئۆزىگە كېلىپ خېرىدارغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:
— چۈشۈرۈپ بەرسەمغۇ بولاتتى... لېكىن، كەچۈرۈڭ، پىرىنسىپىم بويىچە تېخى پۈتمىگەن رەسىمنى ساتالمايمەن.
بۇ جاۋاب ئۇ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرامدۇ - قانداق، ئۇ

ئالماقچى بولغان ئويۇنچۇقنى ئالالمىغان كىچىك بالىدەك غۇدۇڭشىيدۇ:

— پۈتمىگەن رەسىمگە نېمىشقا باھا ئېيىپ قويدىڭىز ئەمىسە؟

— بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن كۆپتىن كۆپ كەچۈرۈم سورايمەن، ئەپەندىم. مەنمۇ ئۇنىڭ تېخى پۈتمىگىنىنى ھېلى ھېس قىلدىم، — دەيدۇ ئۇ قولى بىلەن دېڭىزنى كۆرسەتـ كەچ، — بۇ رەسىمنى دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، دەل مۇشۇ ياققا قاراپ تۇرۇپ سىزغان ئىدىم. قاراڭ، سىزنىڭچە ھازىر دېڭىزـ نىڭ يۈزىدىكى نۇر، يورۇقلۇق تېخىمۇ چاقناپ كەتمەپتىمۇ؟ ئۇ چاغدا دېڭىزنىڭ بۇنداق نۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالـ ماپتىكەنمەن. سىزنى بۇ رەسىمنى ئېلىشتىن توسۇپ قويغانـ لىقىم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۆزرىلىكمەن...

ماسىئاسىنىڭ ئۆزرە ئېيتقاچ ئارىلاپ ماڭا قاراپ ـ قاراپ قوـ يۇشى ئۇ كىشىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋېتىدۇ ـ دە، خوـ تۇنىنىڭ قولىقىغا بىر نەرسىلەرنى دېگىنىچە كېتىپ قالىدۇ.

ماسىئاس ماڭا بۇرۇلىدۇ:

— نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن...

— ھېچنېمە دېمەڭ، — دەيمەن مەن.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ دەپ سورىمايمەن. چۈنكى ناھاـ يىتى ياخشى تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. كۆرۈـ شەلمىگەن كۈنلىرىمىزدە نېمىلەر بولۇپ كەتتى، شۇنىڭغا قىـ زىقىۋاتىمەن.

— ئۇزۇن ھېكايە، — دەيمەن، — بىر رومان بولىدۇ.

— سۆزلەپ بەرسىڭىزكەن.

— مېڭىڭ ئەمىسە.

ئۇ كۆلىدۇ ۋە تېخى پۈتمىگەن رەسىمنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋېتىپ، قولىغا رەسىم پالكۆچى ۋە بىر توپ بوياقنى ئېلىپ كەينىمدىن ماڭدۇ.

# 47

سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ بولغۇچىلىك قىسقىلا يۈ-رۈشتىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ كېلىمىز.
— سىز دېرىــزىنىڭ قېشىــدىكى ئــاۋۇ ئورۇنــدۇقــتا ئولتــۇ-رۇڭ، — دەيمەن ئۇنىڭغا، — ۋە مەن دېمىگۇچە ئورنــىڭىزدىــن قوپماسلىقىڭىزنى ۋەدە بېرىڭ. مەن بىر نەرسە يېزىۋالاي.
— خوپ، نېمە دېيەلەيتتىم، ۋەدە، — دەيدۇ ئۇ ۋە رەسـ-مىنى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرىدۇ.
رومانىمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىســىنى يازىــچە پۈتكــۈزۈۋې-تىشنى پىلانلىغان ئىدىم. مەن ئۇنى يېزىشــنى داۋاملاشتــۇرد-مەن، ماسىئاسمۇ رەسىمى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.
دەل باغچىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن قىسمىنى يېزىپ تا-ماملىغان ۋاقتىمدا، ماسىئاس رەسىم تاختىسىنى يېنىغا قويۇپ قويۇپ، مېنى كۆزىتىپ ئولتۇرىدۇ. چىرايىدا سەبىيلەرگە خاس بىر ئىپــادە... ھىم، ئۇنــىمۇ ئەفــەسكە دەۋەت قىــلسام قانــداق بولار، دەپ ئويلايمەن توساتتىن.
لېكىن ئۇنىڭغا بۇنى قانداق دەيمەن؟ ئۇ يەردە نېمە قىلد-

دىغانلىقىمىز ھەققىدە كاللامدا ھېچنېمە يوق تۇرسا. زەينەپ خانىم بۇ سىرنى يېيىۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئانام، جونسون خانىملارغا قاتتىق تاپىلىغان. بىردىنبىر بىلىدىغىنىم ــ ئۇ يەرگە مارىينى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈنلا بارىمەن. بۇنى ماسىئاسقا قانداق دېيىش مۇمكىن؟

مېنىڭ ئەفەس ھەققىدە بىلىدىغىنىم ئاز - تولا تەرمە ئۈچۈرلا خالاس، بۇنچىلىك نەرسىگە ئاساسەن ئۇ، دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىدىكى كىچىك بىر كەنتكە قىزىقارمۇ؟ ئەفەستە ماسىئاس ئۈچۈن نېمە بار؟ قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ خارابىسى... ئارتەمىس ئىبادەتخانىسى... مەريەم ئانىنىڭ ئۆيى... بۇلار ئۇنى بېرىشقا قايىل قىلالىسا بولاتتى...

ئەلۋەتتە مەن ئاشۇ يەردە "مەن" بولىمەن! مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىغا يېتىپ ئاشار بەلكىم.

ــ يەنە ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلاشقا باشلىدىڭ، ــ دەپ ئويۇمنى كېسىدۇ مارىي. يېقىندىن بېرى دائىم مۇشۇنداق بولۇۋاتاتتى. ئىچىمدىكى ئارتەمىس بېشىنى كۆتۈردىمۇ، مەريەم شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ قوپاتتى. بەزىدە دىئانىنىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك چىقسا، بەزىدە مارىينىڭ... ئىككىسىنىڭ بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىشىغا بەلگىلىك ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن ھازىر ئىككىسىنىڭ ئاۋازىنى ھېچبولمىسا پەرقلەندۈرەلىگەندەلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

ماسىئاس ئەفەسكە راستتىنلا بارارمۇ؟

ناۋادا بارسا...

بەلكى ئۆكتەبىرنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى بۇلبۇل تېغىنىڭ ئالدىغا بارارمىز؛ مەلەس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرارمىز

ۋە كۆنىنىڭ پېتىشىنى كۈزىتەرمىز بىرلىكتە.

بەلكى ئۇ يەردە ماسىئاسقا بۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەرمەن. كىتابلاردىن ئۆگەنگىنىمچە ياكى بەلكى قەدىمىي ئەفەستىن كۆتۈرۈلگەن سادالارنى ئۆز قۇلىقىمدا ئاڭلىغىنىمچە.

ۋە بەلكى ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ئاز - تولا سۆزلەپ بېرەرمەن:

— مەلۇم مەنىدە بىز ھەممىمىز ئەفەس شەھىرىگە ئوخ- شايمىز؛ ئىچىمىزدە ھەم ئارتەمىس ۋە ھەم مەريەمنى ساقلاۋات- قان بولىمىز.

ھەم ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئار- تەمىسنىڭ قوشكېزىكى ئاپوللو ھەققىدە سۆزلەپ بېرەرمەن. ئاندىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، قوشۇمامنى تۈرگىنىمچە:

— قارشىمدا ئاپوللونىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولساڭ، تۇر ئەمدى، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ غايىب قوشكېزىكىڭنى تاپ! — دەر- مەن.

ئەگەر بۇلار ئالدىمىزدىكى ئايدا، ئۆكتەبىرنىڭ بىر ئاخ- شىمى، خىيالىمدىكىدەك يۈز بېرىدىغان بولسا، زەينەپ خانىم- نىڭ دېگىنىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە تەن بېرىمەن:

— چۈش رېئاللىقتا زاھىر بولىدىغان ئىشلارغا خې- مىرتۇرۇچتۇر.

# 48

رومانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمىنى يېزىۋاتقان بىر كۈنى، ماسىئاس رەسىمنى ماڭا ئۇزىتىدۇ. كىچىككىنە ئىش قوشۇپ يېڭىلانغان رەسىمدە، چايكىنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئارىسىدىن نۇر چېچىپ چىققان ئۈچىنچى قانات، ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان يەنە بىر چايكا كۆزگە چېلىقىدۇ.

رەسىمدىن خېلىغىچە كۆزۈمنى ئالالمايلا قالىمەن ۋە يەنە باش چۆكۈرۈپ يېزىۋېرىمەن. بىر نەچچە جۈملە ۋە يەنە داۋاملىق... رومانىمنىڭ تۈنجى نۇسخىسىنى بېسىپ چىقىرىپ ماسىئاسقا ئۇزىتىمەن.

شۇندا توساتتىن تۈنجى بۆلۈمدىكى جۈپتەك بوتۇلكا ئېسىمگە كېلىدۇ. مەن باشلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىشنىڭ تېگىگە يېتىمەن. ماسىئاس سۆزلىگەن ھېكايىدىكى ئىككى دولقۇننىڭ پايانىغا چوڭقۇرلايمەن... ئارتەمىس بىلەن مارىينى؛ رەسىمدىكى ئىككى چايكىنى؛ ماري بىلەن ئۆزۈمنى چۈشىنىمەن ۋە ھەممىدىن مۇھىمى ئانام بىلەن مېنى...

قەلبىم بۇلار ھەققىدە ماڭا بەئەينى شۇلارنى دەيدۇ ھەم

قەلبىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماسسىئاسمۇ چۈشەنسۇن دېگەن ئويدا، ئۇنىڭغا رومانىمنىڭ تۇنجى جۈملىسىنى ئۆزۈم ئوقۇپ بېرىمەن:

— ئىككىسى بىر...

# ئاخىرقى سۆز

ئەفەس! قوشكېزەكلەر شەھىرى. ئارتەمىسكە، شۇنداقلا مەريەم ئانىغا ساھىبلىق قىلغان شەھەر. ئۆزلۈكنى ھەم روھىنى پاناھىغا ئالغان، كىبىر بىلەن تەۋەززۇ، ئاسارەت بىلەن ھۆرلۈك بىر - بىرىگە چەمبەرچاس كىرىشىپ كەتكەن شەھەر. ئەفەس! قارىمۇ قارشىلىق بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئىنسان كەبى بىر شەھەر.

ئۆكتەبىرنىڭ بىر كەچلىكى، شۇ شەھەرنىڭ — ئەفەسنىڭ يېنىدىكى مەللەس دەرياسى بويىدا ئىككىيلەن ئولتۇراتتى. قۇياش قىزىللىقتا پۇركەنگەن بۇلبۇل تېغىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتەي دەپ قالغان ئىدى. كۆكنىڭ تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر ئىككىيلەنگە كېلىۋاتقان يامغۇردىن خۇش بېشارەت بېرەتتى.

— سايىنت جون خالايىققا مەريەم ئانا ھەققىدە سۆزلەيدۇ، — دېدى دىئاننا، — زارلىغان، قاقشىغان، قارغىغان ئاۋازلارنى ھەقىچان سىزمۇ ئاڭلىغانسىز؟ مىڭلاپ كىشى يېڭى دىنىنىڭ ئۆز ئىلاھەسىگە ئېتىقاد قىلىشتىن چەكلىشىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ؛ ئاياغلىرىنى يەرگە رىتىملىق ئۇرغىنىچە بىردەك

"مەريەم دېگىنىڭ كىم؟ بىز ئارتەمىسكە ئىبادەت قىلىمىز" دەپ سۆرەن سېلىشىدۇ.

— ئارتەمىس؟ — دەپ سورىدى ماسىئاس، — ئىلاھە؟ رۇملۇقلار دەيدىغان دىئاننا شۇمۇ؟

— نېمە دەپ ئاتىلىشتىن قەتئىينەزەر، — دېدى دىئاننا، — ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى يارىتىپ، كېيىندىن ئېتىقاد قىلغان بىر خىيالىلا، خالاس.

— ئۇ ھەقتە خېلى جىق بىر نەرسە بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۇنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلىمەن.

— ئۇنداقتا، ئاز - تولا سۆزلەپ بەرمەمسىز؟

— ئۇ ئۇزۇن ھېكايە.

— ئاڭلايمەن.

— تىڭشاڭ ئەمىسە، — دېدى دىئاننا، — ئارتەمىس، يەنى دىئاننا، مەرگەن ئىلاھەدۇر. ئۇنىڭ ئوقى تېز، ئەمما ھېچقانداق ئاغرىتماي شېرىن - تاتلىق جان ئالاركەن. ئۇ ئەرك روھىغا تولغان، ئەمما تۇتقۇنغا چۈشكەن، بېقىندى، ئەمما يەنە شۇنچە مەغرۇر ئىكەن. سانجىقتىن تولغانغان ئانا لېتو بىر تۇپ زەي - تۇن دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە ئۇنى... — دىئاننا بىردەم تو - رۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر تىندى ۋە داۋاملاشتۇردى، — ۋە قوشكېزەكنى تۇغقان ئىكەن... — دىئاننا توختاپ ما - سىئاسنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، — ئارتەمىس - نىڭ قوشكېزەكى ئاپوللوغا سەل تۇرۇپ كېلەي، — دېدى، — ئۇ، ئۇنىڭ لەمپىسىگە "Gnoti Seavton"[1] دەپ يېزىلغان ئىبا -

[1] Gnoti Seavton — يۇنانچە "ئۆزۈڭنى بىل" دېگەن گەپ. دەلفىدىكى ئاپوللو ئىبادەتخا - نىسىنىڭ لەمپىسىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ قويۇلغۇق. — ت.

دەتخانىسى ۋە ئۇ يەردىن بىر كۈن نېرىدا بۇ ئىككى كەلىمە سۆزدىن كۆزىنى ئالماي تىكىلىپ تۇرغان بۈيۈك پەيلاسوپ سوقرات ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بېرىمەن. "Gnoti Seavton"، ئۇ كۆللى كائىناتنىڭ يارىتىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، يارىتىلىش ۋەجىمىزنى شەرھلەپ بېرىدىغان كەلىمە! ئالدى بىلەن ئارتەمىسنىڭ جۈپتەك گۈلى ھەققىدە سۆزلىشىمگە ئىجازەت بېرىڭ. تا بۈگۈنگىچە نە ئارتەمىس، نە ھومېرمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر گۈل ھەققىدە!

ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ئانىسى بىر كۈنى ئارتەمىسكە باشقا بىر قوشكېزەكنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ قوشكېزەكنى تېپىش ئۈچۈن ئۆيىنى تەرك ئېتىپتۇ، ئوكيان ئاتلاپ بىر گۈللۈك باغقا يېتىپ كەپتۇ. باغدا ئۇنىڭ شېرىن ئۆلۈم تەمىنى تېتىشى تەلەپ قىلىنىپتۇ. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوشكېزەكنى تېپىش ئۈچۈن ئاۋۋال گۈللەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىكەن.

باغدا بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئارتەمىس ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە كارىۋات بېشىدىن ئۆزىنى قوشكېزەكنىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزىدىغان بىر ئاچقۇچ تېپىپتۇ. ئۇ ئاچقۇچنى تاپقىنىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ، ئەمما دەل شۇ چاغدا كاللىسىدا گۈللۈك باغدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى توغرۇلۇق بىرمۇنچە سوئال پەيدا بولۇپتۇ. كەينىدىن ئۇ گۈللۈك باغدا باغۋەننىڭ ئۆزىنىڭ چېچىنى تەكرار يۇيدۇرغاندا دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپتۇ ۋە كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. "ئۇ قەلبىڭدىكى بىر ئىزدۇر، ــ دېگەن ئىدى باغۋەن،ــ ھازىرچە غۇۋا، خىرە، ئەمما ۋاقتى

كەلگەندە روشەنلىشىدۇ.“

دىئاننا شەپەق تەرەپتىن كېلىۋاتقان يامغۇر بۇلۇتلىرىغا قارىغاچ:

— بەلكى دېيىلگەن ئاشۇ ۋاقىت مۇشۇدۇ، جون، — دەپ قوشۇپ قويدى، — قاراڭ، ئۆكتەبىر يامغۇرى كېلىۋاتىدۇ...